2003
يىل
ماي
№5
(4163)

يېڭى ھايات

Йеңи һаят

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي - سىياسىي گېزىت. 1970 - يىلى 1 - يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ

پرېزىدېنتنىڭ قازاقستان خەلقىگە مەكتۇبى - بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئۆرلەش ۋە تەرەققىيات پروگراممىسى

بىيىل 4 - ئاپرېل كۈنى پارلامېنت پالاتىلىرىنىڭ بىرلەشكەن مەجلىسىدە پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازاربايېۋ مەملىكەتتىكى ئەھۋال ۋە جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىچكى ھەم تاشقى سىياسىتىنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشلىرى توغرىلىق قازاقستان خەلقىگە ھەر يىللىق مەكتۇب بىلەن سۆزگە چىقتى.

مەكتۇبتە تەرەققىي ئەتكەن ئىقتىساتقا ئىگە كۈچلۈك دېموكراتىك دۆلەتنى قۇرۇش يولىدا ئالغا قاراپ ئىزچىل ئىلگىرلەشتە جەمئىيىتىمىزدە پەيدا بولىدىغان كۆپلىگەن سوئاللارغا جاۋاپ بېرىلگەن. دۆلەت رەھبىرى ئالغا قويغان يېڭى ۋەزىپىلەر جۇمھۇرىيەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە باغلىق. بۇنىڭدا ئاساسىي مەخسەت مەملىكەتنىڭ گۈللىنىشىگە ۋە خەلىق پاراۋەنلىكىگە قاراپ ئىلگىرلەشتىن ئىبارەتتۇر. مەكتۇبتە تەكىتلىنىشىچە، بىزنىڭ جىپسىلىقىمىز ۋە بەرپاكارلىق كۈچ - قۇۋۋىتىمىز، مەملىكەتتە تۇراقلىقلىقنى، پۇخرالار ۋە ئومۇمىي مىللىي رازىمەنلىكنى، تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى ساقلاش ئىنتىلىشىمىز مانا موشۇ مەخسەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىدۇ.

دۆلەت رەھبىرى ئۆز مەكتۇبىدە نۆۋەتتىكى، 2004 - يىلدىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي سىياسەتنىڭ، جەمئىيەتنى تېخىمۇ دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنىڭ، مەدەنىي - مائارىپ ۋە مەنىۋىي ساھالارنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشلىرىنى بايان قىلدى.

1. ئىقتىسادىي ئۆرلەش

تەستىقلەنگەن پروگراممىلىق ھۆججەتلەرگە مۇۋاپىق دۆلەت 2003 - 2005 - يىللاردا يېزا ئىگىلىكىگە 150 مىللىارد تەڭگىدىن ئوشۇق مەبلەغنى سەرىپ قىلىشنى پىلانلىماقتا. شۇ جۈملىدىن 2004 ۋە 2005 - يىللارغا بۇ مىقدار ھەر يىلى 10 مىللىارد تەڭگىگە كۆپىيىدۇ.

ئالدىمىزدىكى ئىككى يىلدا سالامەتلىكنى ساقلاش ساھاسىنىڭ ئېھتىياجىغا قوشۇمچە 30 مىللىارد، يەنى ھەر يىلى 15 مىللىارد تەڭگە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى 2004- 2005 - يىللاردا ھەر يىلى دۆلەت بيۇدجېتىدا يېزا مائارىپى، سالامەتلىكنى ساقلاش ساھالىرى ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەشنىڭ يېزا ئوبيېكتلىرىغا ئىنۋېستىتسىيەگە 15 مىللىارد تەڭگىدىن بولىدۇ.

قازاقستان بايلىقى- مىنېرال خام ئەشيا قايتىدىن ئۆز قىلىپىغا كەلمەيدىغان رېسۇرس بولۇپ ھېساپلىنىدۇ ۋە ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تۈگەيدۇ. بۇ بولسا كېلەچەكتە ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقتىن، كېيىنرەك سىياسىي مۇستەقىللىقتىن ئايرىلىشقا ئېلىپ كېلىدۇ.

شۇڭلاشقا دۆلەت رەھبىرىنىڭ تاپشۇرۇغى بىلەن ھۆكۈمەت 2015 - يىلغىچە بولغان دەۋرگە ئىندۇستىرىيە - ئىننوۋاتسىيەلىك تەرەققىيات پروگراممىسىنى ئىشلەپ چىقتى;

ئاساسىي ۋەزىپە موشۇ مۇددەتكە قەدەر ئومۇمىي ئىچكى مەھسۇلاتنى 2000 - يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا 3,5 ھەسسە كۆپەيتىشتىن ئىبارەت.

پروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندا ماشىنا ياساش سانائىتىگە، بولۇپمۇ نېفت - گاز ساھاسىدا، شۇنداقلا ترانسپورتنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشكە ئالاھىدە دىققەت ئاغدۇرۇش كېرەك.

ۋۇقۇرىدا تەكىتلەنگەن ئىندۇستىرىيە - ئىننوۋاتسىيە سىياسىتىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى تەمىنلەۋاتقان مالىيە تارماقلىرىنى قۇرۇش ۋە كاپىتاللاشتۇرۇش مەخسىتىدە دۆلەت رەھبىرى:

- تەرەققىيات بانكىنىڭ تەسىس كاپىتالىنى كۆپەيتىشكە ۋە ئۇنىڭ كرېدىت رېسۇرسلىرىنى تولۇقلاشقا - 12 مىللىارد تەڭگە؛
- قۇرۇلىدىغان قازاقستان ئىنۋېستىتسىيە فوندىنىڭ تەسىس كاپىتالىغا - 23 مىللىارد تەڭگە؛
- قۇرۇلىدىغان ئىننوۋاتسىيەلىك فوندقا - 3 مىللىارد تەڭگە؛
- ئېكسپورتنى غەمسىزلەندۈرۈش كورپوراتسىيەسىنى قۇرۇش ئۈچۈن - 77 مىللىارد تەڭگە بولۇشىنى تەكلىپ قىلدى.

2. ئىجتىمائىي تەرەققىيات

دۆلەت رەھبىرى ئۆز مەكتۇبىدە ئىقتىسادىي ئۆرلەش سۈرئەتلىرىنى كۈچەيتكەش، پەقەت مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇدرىتىنى مۇستەھكەملەپلا قالماي، بەلكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋەزىپىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بارغانسېرى كەڭ ئىمكانىيەتلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى تەكىتلەيدۇ.

بۇ سىياسەتنىڭ مۇھىم قىسمى - پېنسىيە ۋە ئىش ھەققىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

پرېزىدېنت پېنسىيەنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىنى 5,5 مىڭ تەڭگىگە كۆپەيتىشنى زۆرۈر دەپ ھېساپلايدۇ.

دۆلەت رەھبىرى ھەر بىر پېنسىونېرنىڭ ئەمگىكىنى، ئۇنىڭ ئىش ستاژىنى، پېنسىيەگە چىققان ۋاقىتتىكى ئىش ھەققىنى ھېساپقا ئېلىپ، پېنسىيەلەرنىڭ خىلە ئادالەتلىك دەرىجىسىنى بەلگۈلەيدىغان ۋاقىت كەلگەنلىكىگە، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ ئۇنىڭغا مۇمكىنچىلىكى پەيدا بولغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

بۇ بىر مىللىونغا يېقىن پېنسىونېرنىڭ پېنسىيەسىنى ئاشۇرۇشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

موشۇ مۇرەككەپ ۋە يېتەرلىك ھالدا قىممەت، بىراق ئالىيجاناپ ۋەزىپىنى ھەل قىلىشقا دەرھال كىرىشىش كېرەك. **پرېزىدېنت ھۆكۈمەتكە پېنسىيەلەرنىڭ دىففېرېنسىيەلەنگەن كۆپەيتىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى: بىيىل 1 - ئىيۇلدىن باشلاپ ئۇلارنى قايتا ھېساپلاشنى، 1 - ئىيۇلدىن تارتىپ تۆلەشكە كىرىشىشنى تاپشۇردى. ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى يېڭى پېنسىيەمۇ 1 - ئىيۇلدىن تارتىپ تۆلىنىدۇ.**

ھېساپلار شۇنى كۆرسىتىۋاتىدۇكى، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر يېرىم يىل داۋامىدا 60 مىللىاردقا يېقىن، جۈملىدىن موشۇ يىلدىلا 20 مىللىارد تەڭگىگە يېقىن قوشۇمچە مەبلەغ ئاجرىتىش لازىم.

نەتىجىدە كېلەر يىلى پېنسىيەلەرنىڭ ئوتتۇرا ھېساپتىكى مىقدارى سەككىز مىڭ تەڭگە دەرىجىسىدىن ئېشىپ كېتىشى كېرەك.

ئىش ھەققى

ئەڭ ئاز ئىش ھەققى، ئەلۋەتتە، ئەڭ تۆۋەنكى پېنسىيەدىن ئوشۇق بولۇشى شەرت ئېكەنلىكىگە قارىماي، موشۇ يىللا شۇ دەرىجىگە يېتىۋاتىدۇ.

ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈن كېلەر يىلىنىڭ 1 - يانۋارىدىن باشلاپ ئۇ 5000 دىن 6600 تەڭگىگىچە، يەنى 32 پائىزغا كۆپەيتىلىدۇ.

ئۆتكەن يىللىرى بيۇدجېت مەھكىمىلىرى ئىش ھەققى ئاشۇرۇلدى. پەقەت مۇئەللىملەرنىڭ ئىش ھەققى ئۆتكەن يىلى 35 پائىزدىن ئوشۇق كۆپەيدى.

ئاكتىۋ ئىجتىمائىي سىياسەتنىڭ داۋاملىشىغا باغلىق، كېلەر يىلدىن باشلاپ **بيۇدجېت ساھاسى خادىملىرىنىڭ ئىش ھەققى ئوتتۇرا ھېساپتا يەنە 20 پائىز كۆپەيتىلىدۇ.** بۇنىڭدا ئەمگەك ھەققى تۆلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش پىلانلىنىۋاتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەمگەك ھەققى تۆلەشنىڭ ئىشلىنىۋاتقان يېڭى سىستېمىسى دائىرىسىدە **دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى ئوتتۇرا ھېساپتا 50 پائىز ئۆسىدۇ.**

ئومۇمەن، 2004 - يىلى ئىش ھەققىنى ئاشۇرۇشقا دۆلەت بيۇدجېتىدىن 50 مىللىارد تەڭگىدىن ئوشۇق مەبلەغ بۆلۈنىدۇ.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى كىرىمى تۆۋەن ئائىلەرنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەش مەخسىتىدە پرېزىدېنت ھۆكۈمەتكە سېلىقلارنى تۆۋەنلىتىش ۋاقتىدا خۇسۇسىي كىرىم سېلىقىنى ھېساپلاش ئۈچۈن سېلىق سېلىنمايدىغان ئەڭ تۆۋەنكى مىقدارنى كام دېگەندە 30 پائىز كۆتىرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى.

3. دېموكراتىيەلەشتۈرۈش ۋە نەتىجىدارلىق باشقۇرۇش

قازاقستانلىقلار بىزنىڭ دەسلەپ ئىقتىسات، ئاندىن سىياسەت پرىنسىپى بويىچە ئوچۇق جەمئىيەتكە قاراپ ئىزچىل ئىلگىرلەۋاتقانلىقىمىزنى بىلىدۇ.

ئەندى بىز ئىقتىساتتا دۆلەت قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلار سىياسىي سىستېمىنى تېخىمۇ لىبېرالاشتۇرۇش مەسىلىلىرىگە خېلە چوڭقۇر دىققەت بۆلۈش ئىمكانىيىتىنى بېرىۋاتىدۇ.

بۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى ھاياتىمىزنى ھېساپقا ئېلىپ، گراژدانلىق جەمئىيەتنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشنىڭ نۆۋەتتىكى باسقۇچى بولىدۇ.

دۆلەت رەھبىرى ئۆز مەكتۇبىدە دۆلەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرى دۆلەت باشقۇرۇش دەرىجىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق دائىرىسىنى ئېنىق بولۇشتىن، بيۇدجېتلار ئارا مۇناسىۋەتلەر سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئاساسىي ۋەزىپە - جاي - جايلاردىكى ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئادەملەر ئالدىدا جاۋاپكەرلىكىنى كۈچەيتىشتىن، كونكرېت ئادەمنىڭ كۈندىلىك مۇئاماللىرى بىلەن غەم تەشۋىشلىرىگە يېقىنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

پرېزىدېنت يېزا ئوكرۇگلىرى دەرىجىسىدە مەلۇم مۇددەتكە ھاكىملارنى سايلاشنى جارىي قىلىشقا، ئاندىن كېيىن ناھىيە ھاكىملىرىنى سايلاشقا باغلىق تەجرىبە ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ دەپ پەرەز قىلىدۇ. پرېزىدېنت سايلام سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇش لازىم، سايلام جەريانىنى تېخىمۇ روشەن ۋە ئوچۇق بولۇشى كېرەك، دەپ ھېساپلايدۇ.

سۈرەتتە: ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ ۋېتېرانى ئابدۇللا روزىيېۋنى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى غالىبىيەت كۈنى بىلەن تەبرىكلىمەكتە.
ئۈچقۇن قۇربانىيازوۋ چۈشەرگەن سۈرەت.

مىللىي مائارىپ مەسىلىلىرى مۇھاكىمە قىلىندى

يېقىندا ئالمۇتىدا ئۇيغۇر تىياترىنىڭ بىناسىدا سانائەتچىلەر، تىجارەتچىلەر ۋە يېزا ئىگىلىكى خادىملىرى جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر ئاسسوتسىياتسىيەسى بىلەن مىللىي زىيالىلار تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان «قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىلىم بېرىش سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاساسىدا ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنى بازار مۇناسىۋەتلىرى شارائىتىدا تەرەققىي ئەتكۈزۈشنىڭ مۇھىم مۇئاماللىرى» دېگەن ماۋزۇدا ئىلمىي - ئەمەلىي كونفېرېنسىيە بولۇپ ئۆتتى. كونفېرېنسىيەگە ئالمۇتا شەھىرى ۋە ئالمۇتا ۋىلايىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان يېزىلىرىدىن 500 گە يېقىن مۇئەللىم، زىيالى ۋە جامائەتچىلىك ۋەكىللىرى قاتناشتى. كونفېرېنسىيە ئىشىغا قازاقستان جۇمھۇرىيىتى بىلىم ۋە پەن مىنىستىرىنىڭ ئورۇنباسارى كۈلەش شەمشىدىنوۋا، ئالمۇتا ۋىلايەتلىك بىلىم بېرىش دېپارتامېنتى باشلىقىنىڭ ئورۇنباسارى گۈلنار ئايتقۇلوۋا، ياركەنت شەھىرىنىڭ ھاكىمى مۇرات خىزمەتوۋ، ئالمۇتا شەھىرى تۈركسىب ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى بورىس مالىنوۋسكىي، ئالمالى ناھىيەسى ھاكىمىنىڭ ئورۇنباسارى ئىرىنا دېيېۋا ئىشتىراك قىلدى.

كونفېرېنسىيەنى ئۇيغۇر ئاسسوتسىياتسىيەسىنىڭ ۋىتسې - پرېزىدېنتى، «ئالماتىۋېلىزبېتون» ئاكسىونېرلىق جەمئىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى ئەخمەتجان شاردېنوۋ قىسقىچە كىرىشمە سۆز بىلەن ئاچتى.

ئاندىن سانائەتچىلەر، تىجارەتچىلەر ۋە يېزا ئىگىلىكى خادىملىرى جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر ئاسسوتسىياتسىيەسىنىڭ پرېزىدېنتى دىلمۇرات قۇزىيېۋ «ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى تەرەققىيات يۆنىلىشلىرىنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشى» دېگەن ماۋزۇدا دوكلاد بىلەن سۆزگە چىقتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئالمۇتا شەھىرى مەسىم ياقۇپوۋ نامىدىكى ئۇيغۇر مەكتىۋى مۇدىرىنىڭ ئوقۇش ئىشلىرى بويىچە ئورۇنباسارى خۇرشىدەم نىيازوۋا، قازاقستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ر. سۇلېيمېنوۋ نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى غوجاخمەت سەدۋاقاسوۋ نامىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق مەركىزىنىڭ مۇدىرى، فىلوسوفىيە پەنلىرىنىڭ نامزاتى كوممۇنار تالىپوۋ، ئىبراي ئالتىنسارىن نامىدىكى قازاقستان بىلىم ئاكادېمىيەسى بۈۋىخان ئەلاخۇنوۋا نامىدىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئوقۇتۇش لابوراتورىيەسىنىڭ باشلىقى، پېداگوگىكا پەنلىرىنىڭ نامزاتى، دوتسېنت ئالىيەم ئارزىيېۋا، قازاقستان جۇمھۇرىيىتى بىلىم ۋە پەن مىنىستىرىنىڭ ئورۇنباسارى كۈلەش شەمشىدىنوۋا، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، پروفېسسور ماخمۇت ئابدۇراخمانوۋ، رېگىوناللىق ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى پەرھات ھاسانوۋ ۋە باشقىلار ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئۆز پىكىرلىرى بىلەن ئورتاقلاشتى.

كونفېرېنسىيە ئاخىرىدا بىر قاتار مۇھىم مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلغان تەۋسىيەلەر قوبۇل قىلىندى ۋە سانائەتچىلەر، تىجارەتچىلەر ۋە يېزا ئىگىلىكى خادىملىرى جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر ئاسسوتسىياتسىيەسى ھۇزۇرىدا شۇلارنى ھەل قىلىشقا باغلىق ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان مىللىي مائارىپ بويىچە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېڭىشى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ رەئىسى بولۇپ ئۇستاز - ئالىمە بۈۋىخان ئەلاخۇنوۋا سايلاندى.

(ئۆز مۇخبىرىمىز.)

مەرھەمەت خالىس ئىقتىسادىي ياردەم قولىنى سۇنغۇچىلارغا بىزنىڭ ھېساپ چوتىمىز:

р/с 406467897 ТОО "Висал"
РНН600400099802 МФО 190501719,
код 719 АГФ ОАО Банк "Центр Кредит"

9 - ماي — غالىبىيەت كۈنى

1945 - يىل 9 - ماي، بېرلىن.

1945 - يىل پوتسدام كونفېرېنسىيەسى.

ئۇنىڭمۇ ھەسسىسى بار

9 - ماي غالىبىيەت كۈنى. بۇ سەنە سابىق كېڭەش خەلقىنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ قەھرىمانلىق، ئىنتايىن ئېغىر ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەممە ئۈچۈن ئەڭ خۇشاللىق ۋە شاتلىق سەھىپىسى سۈپىتىدە ئىختىيارسىز كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ھە، بۇ ئىنتايىن ئۇرغۇن، مىللىونلىغان قۇربانلارنى بېرىش بەدىلىگە قاتارىدا ئوتتۇزغا يېقىن ئۇيغۇر بالىلىرى بولغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كاۋكازغا، ئەرمەنىستاننىڭ لېنىناكان شەھىرىگە ئېلىپ كېلىندۇ. بۇ يەردە ئۇلار ئۈچ ئايلىق چاپسانلىتىلغان ھەربىي تەييارلىق كۇرسىدا ئوقۇيدۇ. ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ دەسلەپكى ھەربىي بىلىمگە ئېگە بولغاندىن كېيىن ساماخۇن ئاكا

قولغا كەلگەن شانلىق غالىبىيەتتۇر. ئەينە شۇ غالىبىيەتنى يېقىنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇش مەيدانىغا بارغان ھەر بىر جەڭچى - ئوفىتسېردىن تارتىپ ئارقا سەپتە فرونت ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز ئىشلىگەنلەر ئۆز ھەسسىنى قوشتى.

ئەينە شۇلارنىڭ بىرى ساماخۇن ئاكا ئىلەكوۋتۇر. يېقىندا بىر سورۇندا ئەينە شۇ ئۇلۇق غالىبىيەتكە زەررىچە بولسىمۇ ئۆز ھەسسىنى قوشقان بۇ كەمتەر ئىنسان بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. مەن ئەسلى مالۋايلىق، - دەپ سۆزىنى باشلىدى ساماخۇن ئاكا. - ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشى باشلانغان دەسلەپكى كۈنلەردىلا مەيدانىغا پىدائىي بولۇپ ئاتلىنىشقا ئىنتىلگەن ئىدىم. لېكىن ناھىيەلىك ھەربىي كومىسسارىياتتا: لازىم بولغاندا ئۆزىمىز چاقىرىمىز. ھازىرچە يېزىدىمۇ ئىشلەيدىغانلار كېرەك. چۈنكى فرونتنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش لازىم، - دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى.

لېكىن 1942 - يىلى ئاپرېلدا ساماخۇن ئاكا ئېتىزدا سوقا ھەيداۋاتقان يەردىنلا تۇيۇقسىز ئارمىيە سېپىگە چاقىرىلدى. چېلەكتە ۋەسىدىن ئارمىيەگە چاقىرىلغان باشقىلار

يۇرتداشلىرىدىن ئايرىلىپ، باشقا سولداتلار بىلەن مۇھىم ستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئېگە ئارخانگېلسك پورتىغا ئەۋەتىلىدۇ. ئارخانگېلسك ئاق دېڭىز بويىدىكى شەھەر بولغانلىقتىن بۇ يەر س س س ر نىڭ مۇھىم دېڭىز دارۋازىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. س س س ر نىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئىتتىپاقداشلىرى ئا ق ش بىلەن ئانگلىيەدىن كېلىدىغان ھەربىي قورال - ياراق، ئوزۇق - تۈلۈك موشۇ ئارخانگېلسك پورتىغا كېلەتتى. ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كېڭەش ھۆكۈمىتى، ھەربىي قوماندانلىق ئارخانگېلسك شەھىرىنى قوغداشقا ئىنتايىن چوڭ كۆڭۈل بۆلۈپ تۇردى.

فاشىستىك گېرمانىيە ئا ق ش، ئانگلىيە كېمىلىرىنىڭ پات - پاتلا ئارخانگېلسك پورتىغا كېلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كېڭەش ئارمىيەسى ئۈچۈن قورال - ياراق، ئوزۇق - تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ھەر كۈنى دېگىدەك شەھەرنى، كېمىلەرنى بومبىلاشقا كىرىشىدۇ. ھە، ساماخۇن ئىلەكوۋ س س س ر چېگارا ئەسكەرلىرى 4 - چېگارا ئوترىدىدە چېگارىچى جەڭچىلەر بىلەن ئارخانگېلسكنى ھىمايە قىلىش جەڭلىرىگە ئىشتىراك قىلدى.

- نېمىسلارنىڭ بومبىغۇچى سامولىيوتلىرى ھەددىدىن ئېشىپ، كۈندىلا دېگىدەك شەھەرنى، دېڭىز بويىدىكى كېمىلەرنى بومبىلاپ ئۇرغۇن زىيانغا ئۇچراتتى. بىر كۈنى تېرېۋوگا بولۇپ فاشىستلار سامولىيوتلىرى شەھەر ئاسمىنىدا پەيدا بولدى. شۇ چاغدا ۋولكودىلىق كولىن دېگەن سەپدىشىم بىلەن ئىككىمىز ستانكوۋىي پۇلېميوت بىلەن سامولىيوتلارغا قارىتىپ ئوق ياغدۇردۇق. بىزنىڭ پۇلېميوت ئوقىدىنمۇ، ياكى باشقىسىنىڭمۇ بىلمىدىم، نېمىسلارنىڭ بىر بومبىلىغۇچى سامولىيوتى دېڭىزغا غۇلاپ چۈشتى. كېيىن ھېلىقى سامولىيوتنى دېڭىزدىن چىقىرىپ ئارخانگېلسك ئوپېرا ۋە باللېت تىياترى ئالدىدىكى مەيدانغا كۆرگەزمە قىلىپ قويدى. موشۇ سامولىيوتنىڭ ئېتىپ چۈشۈرۈلۈشى مۇناسىۋىتى بىلەن كولىن ئىككىمىز «جاسارىتى ئۈچۈن» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلاندۇق. نۆۋەتتىكى بومبىلاشتا دوستۇم كولىنغا فۇگاس بومبىسىنىڭ پارچىسى تېگىپ ھالاك بولدى.

بىزنىڭ قىسىم جەڭچىلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئارخانگېلسك پورتىغا كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ئامېرىكا ۋە ئانگلىيە كېمىلىرىنى كېچە - كۈندۈز ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئىتتىپاقداشلار بۇ كېمىلەردە فرونتقا لازىملىق نەرسىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈن ئارخانگېلسك پورتىغا دۈشمەننىڭ جاسۇسلىرى ئالاھىدە نەزەر ئاغدۇراتتى. چېگارا ئەسكەرلىرى دائىم ھوشيارلىقنى ساقلىشى، ھەر قانداق گۇمانلىق كىشىلەرنى تۇتۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى لازىم ئىدى.

ھە، ئۇرۇش 1945 - يىلى 9 - مايدا غالىبىيەت بىلەن ئاياقلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ساماخۇن ئىلەكوۋ خىزمەت قىلغان چېگارا ئەسكەرلىرى قىسىملىرى ئۆيلىرىگە قايتۇرۇلمىدى. ساماخۇن ئاكا پەقەت 1949 - يىلىلا ھەربىي خىزمەتتىن چوڭ سېرژانت ئۇنۋانىدا زاپاسقا چىقتى.

«جاسارىتى ئۈچۈن»، «گېرمانىيە ئۈستىدىن قازىلىنغان غالىبىيەت ئۈچۈن» ۋە باشقا مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان ساماخۇن ئاكا ئالمۇتىغا 1949 - يىلى كېلىپ تېنچلىق ھايات يولىنى باشلىدى. ئالمۇتا شەھەرلىك كومسومول كومىتېتىنىڭ يوللانمىسى بىلەن ئۇ شەھەرلىك ھەربىلەشتۈرۈلگەن ئوت ئۆچۈرۈش كوماندىسىغا ئىشقا ئەۋەتىلىدۇ. ساماخۇن ئىلەكوۋ موشۇ بىر ئورۇندا ھە دېگەندە ئاددىي ئوت ئۆچۈرگۈچى، ئاندىن ئوت كېتىش بىخەتەرلىكى بويىچە ئىنسپېكتور لاۋازىمىدا 30 يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت ئىشلەپ، ئائىلەۋىي سەۋەپلەرگە باغلىق 1973 - يىلى دەم ئېلىشقا چىقتى. ھازىر ساماخۇن ئاكا پەرزەنتلىرى، نەۋرىلىرى بىلەن قۇۋۇلىشىپ ياشىماقتا.

يادىكار سابىتىي.

مۇكاپات مۇبارەك

يېقىندا قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان خەلىق ئارا «ئالاش» ئەدەبىي مۇكاپاتىغا تەۋسىيە قىلىنغان 2001 - 2002 - يىللاردا نەشىردىن چىققان بەدىي ئەسەرلەر بويىچە يەكۈن چىقىرىلىپ، غالىپ چىققان ئون ئالتە يازغۇچى - شائىرنىڭ ئىسمى ئېلان قىلىندى. ئەينە شۇ ئابرويلۇق خەلىق ئارا «ئالاش» مۇكاپىتىغا سازاۋەر بولغانلار ئارىسىدا ئۇيغۇرلاردىن فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزىتى، ئىستېداتلىق شائىرە پاتىگۈل سابىتوۋامۇ بار. بۇ مۇكاپاتقا ئۇ 2001 - يىلى «ئۇتىرار كىتاپخاناسى» تۈركۈمى بويىچە «ژازۇشى» نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان «ۋۇرۇگۇمدە بىر ئوتۇم بار» دېگەن شېئىرلار توپلىمى ئۈچۈن سازاۋەر بولدى.

- مەن راستىنى ئېيتسام «ئالاشتەك» ئالىي مۇكاپاتنى ئېلىشقا ئانچە ئىشەنمىگەن ئىدىم، چۈنكى ئۇنىڭغا بولغان ئۈمۈتكارلار ئىنتايىن ئۇرغۇن بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قازاقستاندا ياشاۋاتقان كۆپلىگەن باشقا خەلقلەرنىڭ ئىستېداتلىق، تەجرىبىسى مول يازغۇچى - شائىرلىرىمۇ يېتەرلىك ئىدى. ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خەلىق ئارا «ئالاش» مۇكاپىتى بويىچە ژيۇرى مېنىڭ «ۋۇرۇگۇمدە بىر ئوتۇم بار» ناملىق شېئىرلار توپلىمىمنى تاللاۋالغانلىقىغا بەك خۇشال بولدۇم. ئەلۋەتتە مۇكاپاتقا سازاۋەر بولۇش كۆڭۈللۈك، ئەندى ئۇ شۇنداقلا ماڭا يەنىمۇ چوڭ جاۋاپكەرلىكنى ژۈكلەپ، ئىجادىيەت يولىدا يەنىمۇ ئىزدىنىشكە ئۈندەيدۇ، - دېدى پاتىگۈل ھەدە بىز بىلەن بولغان سوھبەتتە.

ئىلگىرى، قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىدا ئايرىم يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىدىغان بىر نەچچە مۇكاپات بار ئىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، خەلىق ئارا «ئالاش» مۇكاپىتى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭغا بەش يىلدىن بېرى قازاقستان جۇمھۇرىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سىرتىدىمۇ ئىسمى ياخشى تونۇش بولات ئەبلوۋ ھامىيلىق قىلماقتا.

بىز 1996 - يىلى 60 ياشقا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ۋە جۇمھۇرىيەت ئالدىدىكى خىزمەتلىرى مۇناسىپ باھالىنىپ، ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئارىسىدا دەسلەپ «دوستىق» ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغان، ئەندى بولسا خەلىق ئارا «ئالاش» مۇكاپىتىغا سازاۋەر بولغان ئىستېداتلىق ئالىم ۋە شائىرە پاتىگۈل تىيىپ ھاجىم قىزى سابىتوۋانى سەممىمىي تەبرىكلەيمىز!

(ئۆز مۇخبىرىمىز.)

ئاتا ئەجرى



مەرھۇم ئۆزىنىڭ مۇبارەك سەكسەن ياشلىق مۇچەللىك تەۋەللۇدىنى تېخى تۇنۇگۈنلا ئوتكۈزگەندەك بىلىنىدۇ. شۇ چاغدا ئاقساقالنىڭ مەرىكىسىگە ئۇيغۇرلاردىن تاشقىرى، قازاق، ئۆزبەك، رۇس، تاتار خەلقلىرىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ قەدەم - تەشرىپ قىلىپ، تەبرىكلەشكەندى. ھە، ئۇنىڭ دوستلىرى كۆپ ئىدى. مانا، بۈگۈن ھەش - پەش دېگىچە ئۇنىڭ دۇنيادىن كۆز ژۇمغىنىغا بىر يىل توشۇپتۇ. بۇ ھاياتتا ئىنسان يۈز ياشىسىمۇ يەتمەي دۇنيادىن ئوتىدىكەن. بىراق، ئۇنىڭ ئىش - ئەجرى، قالدۇرغان مىراسى، يارقىن سىماسى مەڭگۈ قالىدىكەن. ياركەنت شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن، كىچ - كىچتە ئاتا - بوۋىلىرىنى ئەگىشىپ، ئىلى دىيارىغا بېرىپ ئورۇنلاشقان... 13 ياشقا تولغاندا ھۈنەرلىك ئادەم بولۇش مەخسىتىدە سائات ياساش، جوندەش كەسپىگە ئىشتىياق باغلاپ، شاگىرتلىققا كىرىدۇ، كۆپ ۋاقىت ئوتمەي، بۇ كەسپنى مۇكەممەل ئېگىلەپ، ئۇستا سائاتچى ئاتىلىدۇ. ناھايىتى تىرىشچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان، ئىنچىكە - نازۇك كەسپنىڭ ساھىبى ئابدۇرېشىت سائاتچى كىندىك قېنى

تۆكۈلگەن زېمىنغا قايتىپ كەلگەندە، ئۆز كەسپىنى تېخىمۇ ئاۋۇتۇپ، ئابروي - شۆھرەتكە ئېگە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى: «ئابدۇرېشىت ھەتتا بۈركۈتنىڭ تاپىنىغىمۇ ناھال قاقالايدۇ...» دەپ چاقچاق قىلىشاتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇستا سائاتچىلىقىغى قازاقستان ھەم ئوتتۇرا ئاسىيە تەۋەلىرىدە مەشھۇر ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن ئىنتايىن كۆپ ئادەملەر دوستلاشقاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەۋەرۈك، دۇنياغا تونۇلغان شەخسلەرمۇ بولۇپ، بۇ جەھەتتىن، قازاقستاننىڭ سابىق رەھبىرى، ئۆزى سائات ھەۋەسكارى د. ئا. قونايېۋنىڭ نامىنى ئاتاش مۇمكىن. ھەتتا ل. ئى. برېژنېۋ ئالمۇتىغا كەلگەن ۋاقىتتا، تۇيۇقسىز سائاتى بۇزۇلۇپ، توختاپ قالغاندا، ئا. شىرخانوۋ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا جوندەپ، ماڭغۇزۇۋەتكەنلىكى توغرىلىق فاكتلار موجۇت. ۋاقىت ھۆكۈمرانى سائات ئۇستىسىغا سائات جوندىتىمەن دەپ كەلمىگەن ئادەم يوق بولسا كېرەك. بۇ مۇبالىغە ئەمەس. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، مەرھۇم سائاتچى ئۇرۇش ۋە ئەمگەك ۋېتېرانلىرىغا ھەقسىز خىزمەت كۆرسەتكەن ئىدى. يېرىم ئەسىردىن ئوشۇق ۋاقىت داۋامىدا بىر كەسىپتە، بىر جايدا كىشىلەرگە خىزمەت قىلغان ئۇستىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇنىڭ چىرىغىنى ئۆچەرمەي، كەسپىنى مىراس قىلىپ، بالىدىن - بالىغا سائاتچىلار سۇلالىسىنى يارىتىپ، خەلىققە خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە.

دەرۋەقە، ئاتىغا قاراپ، ئوغۇل ئۆسىدۇ دېگىنى راست ئوخشايدۇ. ھەتتا نەۋرە - چەۋرىلىرىگىچە سائات ياساش ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ كەتكەن ئۇستاز ئاتىسىدىن پەرزەنتلىرى چەكسىز مىننەتدار دۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر كۈنى ئەتكەن ئۆرۈپ، سالام بېرىش، ھالىنى سوراش، ئاندىن ئىشقا مېڭىشنى دادىسىدىن ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھايات [illegible]

[illegible]

(ئابلىمىت ھەمرا،
ئالمۇتا شەھىرى.)

ھىممەت

سائات تىلى ئۇرغاندەك.
ۋىژدەك تېپەر توختىماي.
ھايات راۋان ئاپماسكەن.
مەرھۇملارنى ئەسلىمەي...

ھە، شائىر ئېيتقاندەك، ھايات بار يەردە، ماماتمۇ بار دېمەكچى، ئاتاقلىق سائاتچى، قەدىردان ئاتا ئابدۇرېشىت ھاجىم شىرخانوۋمۇ 82 داۋاندىن ئالقىغان مەزگىلىدە پانىي دۇنيادىن باقىي دۇنياغا سەپەر چەكتى، گويا چېكىلداپ مېڭىپ تۇرغان سائات توختاپ قالغاندەك بولدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئۆلۈمى بالىلىرىنى ئېغىر جۇدالىققا مۇپتىلا قىلدى. غەمكىن كۆزلەرنى نەملىدى. لېكىن ئاتىسىدىن سەۋرچانلىقنى ئۆگەنگەن بالىلىرى سەۋر قىلدى. ئۆلۈمگە نېمە چارە؟ ئۆز ئاخىرقى ئېتىم 30 - ئاپرېل كۈنى (2002 - يىلى) ئادەتتىكىدەك ئىش ئورنىغا بېرىپ، كۈندىلىك خىزمىتىنى قىلغان ئىدى. ئارىدا بايرام كۈنلىرى ئوتكەچ، تۇيۇقسىز ئۆچىلا كۆزن يېتىپ، بالىلىرىنى ئاۋارە قىلماي، ھەممىسىدىن رازى بولغان ھالدا، ئوتكەن يىلنىڭ 7 - ماي كۈنى ۋاپات بولدى. ياتقان يېرى يۇمشاق، روھى جەننەت بولغاي!

ئا. شىرخانوۋ «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۆزى ئوقۇشتىن تاشقىرى باشقىلارنىمۇ دەۋەت قىلاتتى.

ژىللار ۋە ئادەملەر

شىددەتلىك جەڭلەر گوۋاچىسى

20 - ئەسىرنىڭ 30 - 40 - ژىللىرىدا ئۇيغۇرستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، مەزلۇم ئۇيغۇر خەلقىنى گومىنداڭ خىتاي باسقۇنچىلىرىدىن ئازات قىلىش ئۈچۈن يۇرتىمىزدا مىللىي - ئازاتلىق ھەرىكەتلىرى ئۇلغىيىپ ئالدى. 1944 - ژىلى ئىلى تەۋەسىدە پارتلىغان مىللىي - ئازاتلىق ھەرىكەت خەلقىمىز تارىخىدىكى چوڭ ۋاقەلەرنىڭ بىرى بولدى، چۈنكى ئۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ ئۈچ ۋىلايىتىدە مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، خەلقىمىز مۇستەقىللىق تەمىنى ئازىراق بولسىمۇ تېتىغان ئىدى. بىز تۆۋەندە گېزىتخانىلارغا تونۇشتۇرماقچى بولۇۋاتقان زۇنۇن قادىر ئوغلى ئارزىيېۋ ئەينە شۇ ئۇيغۇرستاننىڭ ئۈچ ۋىلايىتىدە پارتلىغان مىللىي - ئازاتلىق ھەرىكەتكە دەسلەپكىلەر قاتارىدا پىدائىي بولۇپ ئىشتىراك قىلغانلارنىڭ بىرىدۇر.

زۇنۇن ئاكا 1923 - ژىلى 5 - مايدا ئالمۇتا ۋىلايىتىنىڭ قورام يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 30 - ژىللاردىكى كوللېكتىۋلاشتۇرۇش زورلۇق ھەرىكەتلىرى ۋۇرۇلغۇزۇلگەندە زۇنۇن ئاكىلار ئائىلىسى غۇلجىغا كوچۇپ كېتىدۇ. ئۇ غۇلجىدا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئۈرۈمچىدىكى ئۇلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇشقا تەشنا ز. ئارزىيېۋ بىلىمنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە 1940 - 1942 - ژىللىرى غۇلجا شەھەرلىك مال دوختۇرخانىسىدا فېلدشېرلىق كۇرسىدا ئوقۇپ ھەم ئىشلەپ، موڭغۇل كۈرە ئات زاۋۇتىدا مال دوختۇرى بولۇپ خىزمەت قىلغان. 1943 - ژىلى بورتالا ناھىيەلىك مال دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى لاۋازىمىدا ئۇنۇملۇك ئىشلىگەن.

مىللىي - ئازاتلىق ئىنقىلاب پارتلاپ گومىنداڭچىلارغا قارشى كۈرەش كەڭ قانات يايغان چاغدا بورتالادا قۇرۇلغان «ئازاتلىق» تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى بولغان ز. ئارزىيېۋ پۈرسەتنىڭ كەلگەنلىكىنى پەملەپ، لېكىن بىلەن ئۇچرىشىپ 3 - ئاتلىق پولكقا پىدائىي بولۇپ كىرىدۇ. ئۇ دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن يارىلانغان، ئاغرىغان ئاتلارنى داۋالايدۇ. ئۇ پولك جەڭچىلىرى بىلەن داخياگۇزىغا كېلىپ، بورتالادىن قېچىپ كېلىپ بۇ يەردە پوتەيلەرگە يوشۇرۇلغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى يوقىتىش جەڭلىرىگە پائال قاتناشقان. 1945 - ژىلى 30 - ئىيول تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دوربىلجىن ناھىيەسىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان 2 - ئايرىم ئاتلىق بىرىگادىدا مال دوختۇرلۇق بولۇم باشلىقى بولۇپ تايىنلىنىپ، پولكوۋنىك خىزمەت ئورنىدا پودپولكوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن خىزمەت قىلدى. زۇنۇن ئاكىنىڭ ئۆز خىزمىتىگە مەسئۇلىيەتچان بولۇشى ئۇنى سۆۋېت قىلىپ كۆزگە كۆرۈنەرلىكىنى بىلىقىغان رەھبەرلىك ئۇنى 1946 - ژىلى ئىيۇندا شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسى باش شتابىنىڭ كومەندانت لاۋازىمىغا يۆتكەيدۇ. ئۇيغۇرلار دىيارى تېخى تولۇق ئازات بولمىغان، شەرقىي تۈركىستاندا شىددەتلىك جەڭلەر بولغان بۇ ۋاقىتتا مىللىي ئارمىيە باش شتابىدا ئىش ناھايىتى جىددىي، ئالدىراشلىق ئىدى، دەپ ئەسلەيدۇ زۇنۇن ئاكا. - باش شتاب كوماندانىنىڭ لاۋازىمى بۇ ماڭا قوماندانلىقنىڭ چوڭ ئىشەنچى ئىدى. ئەينە شۇ ئىشەنچنى ئاقلاش ئۈچۈن ھەم ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ھەس قىلىپ، تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا تىرىشتىم كېرەك. ھە، زۇنۇن ئاكا قوماندانلىق تاپشۇرغان ھەر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاندىن كېيىن 1947 - ژىلىنىڭ باشلىرىدا ئويۇيغىچە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ قوبۇق ناھىيەسىدە 2 - ئايرىم ئاتلىق پولكنىڭ مال دوختۇرلۇق بولۇم باشلىقى بولۇپ تايىنلىنىدۇ. شۇ يىلى زۇنۇن ئاكا ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئۆلكۆكۈل كولى، قارتۇگكە، سارسۇمبە قاتارلىق جايلاردا باندىتلارنى يوقىتىش ئۇرۇشلىرىغا ئىشتىراك قىلىدۇ. ئۇرۇشتىكى جەسۇرلىقىنى باھالاپ قوماندانلىق ز. ئارزىيېۋقا پورۇچىك ئۇنۋانى بېرىدۇ. زۇنۇن ئاكا «پىدائى» ۋە «سالداقەت» مېداللىرى بىلەن كېيىنلىك خاتىرە سوغىللار بىلەن مۇكاپاتلاندى. 1947 - ژىلى نويابىردىن 1948 - ژىلى مارتقىچە زۇنۇن ئاكا مىللىي ئارمىيە مال دوختۇرلۇق قارمىسىدا ئىنسپېكتور ۋە باشقىمۇ مەسئۇلىيەتلىك لاۋازىملاردا ئىشلىدى.

زۇنۇن ئاكا مىللىي ئارمىيە تەركىۋىدە 1945 - ژىلى دوربىلجىن ناھىيەسىدە بولغان شىددەتلىك جەڭلەرنىڭ بىرىدە سەپداشلىرى بىلەن گومىنداڭ ئوفىتسېرىنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، 121886 - نومېرلىق نېمىس تاپانچىسىنى ئولجا ئالغان. قوماندانلىق گومىنداڭ ئوفىتسېرىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى ئۈچۈن ز. ئارزىيېۋقا ئالاھىدە تەشەككۈر بىلدۈرگەن ۋە ئولجا ئالغان قورالنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان.

زۇنۇن ئاكىنىڭ ئۆمۈرلۈك يولدىشى مەرھۇمە خەدىچە غارىپ قىزىمۇ مىللىي ئارمىيە سېپىدە، يەنى 1949 - ژىلى يانۋاردىن قوبىق 2 - ئايرىم ئاتلىق پولكى ھەم شىخۇدا قۇرۇلغان 14 - دىۋىزىيەدە فارماتسېۋت بولۇپ، ئەر - ئايال بىللە ئىشلەيدۇ. خەدىچە ئاپاي شۇنداقلا 14 - دىۋىزىيەدە ئېچىلغان 6 ئايلىق مال دوختۇرلۇق كۇرسىدا فارماكولوگىيەدىن دەرس بەرگەن.

1952 - ژىلى ئاپرېلدا 14 - دىۋىزىيە تارقالغاندىن كېيىن زۇنۇن ئاكا ۋە ئايالى خەدىچە كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، دىۋىزىيەنىڭ يوللانمىسى بىلەن غۇلجا ۋالى مەھكىمىسىگە خىزمەتكە ئەۋەتىلىدۇ. خەدىچە سىز دارۋازىدىكى خەلق دوختۇرخانىسىدا فارماتسېۋت بولۇپ 1958 - ژىلى س س س ر غا چىقىپ كەتكىچە ئۇنۇملۇك ئىشلەيدۇ. ئەنە زۇنۇن ئاكا بولسا غۇلجا ۋالى مەھكىمە چارۋىچىلىق بولۇم باشلىقى، 1956 - ژىلى بولسا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلۇسلۇق خەلق كومىتېتىدا چارۋىچىلىق بولۇم باشلىقى، 1957 - 58 - ژىللىرى ئوبلۇسلۇق مال دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى.

خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇرستانغا ئورنىشىۋالغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان مىللىي - ئازاتلىق ھەرىكىتىگە ئىشتىراك قىلغانلاردىن ئۆچ ئېلىشقا، ئۇلارنىڭ ئەشەددىي چوڭ دۆلەتچىلىك، شوۋىنىستىك سىياسىتىنى ژۈرگۈزۈشكە باشلىدى. ئەينە شۇ سەۋەپتىن 1958 - ژىلى ئاۋغۇستتا زۇنۇن ئاكا ئائىلىسى بىلەن قازاقستانغا كوچۇپ چىقتى. بۇ تەۋەدە زۇنۇن ئاكا بىلەن خەدىچە ھەدە ھۆرمەتلىك دەم ئېلىشقا چىققىچە ئالمۇتىدا ئاپتېكار بولۇپ ئىشلىدى. ئۇلار سالامەتلىكنى ساقلاش ساھاسىنىڭ بۇ مۇھىم تارمىقىدا ئۇزۇن ژىل ئۇقۇسىز، ئادىل ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم شەھەرلىك سالامەتلىكنى ساقلاش باشقارمىسى تەرىپىدىن ماددىي ۋە مەنىۋىي رەغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇلدى.

زۇنۇن ئاكا يولدىشى خەدىچە بىلەن ئۆتكەن 43 ژىللىق ھاياتىدا ئۈچ قىز ۋە بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ، ئۇلارنى جەمىيەتكە لايىق قىلىپ ئۆستۈردى. ئۇلارنىڭ چوڭ قىزى نىلۇفەر قازاقستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي گېوگرافىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ئاندىن موسكۋادا بىلىمنى ئاشۇرۇپ كېلىپ ئۇزۇن ژىللاردىن بۇيان ئالمۇتىدىكى قۇرۇلۇش - لايىھەلەش ئىلمىي - تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ئىنژېنېر، بولۇم باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئەندى ئىككىنچى قىزى فلورا ئالمۇتا تىببىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ تاشكەنتتە پروۋىزور بولۇپ، ئەندى يەنە بىر قىزى زوھرا بولسا كوئوپېراتىۋ تېخنىكۇمىنى پۈتتۈرۈپ سودا ساھاسىدا ئۇنۇملۇك ئىشلىمەكتە. ئوغلى زۇيەر ئالمۇتا دۆلەت كونسېرۋاتورىيەسىنى پۈتتۈرۈپ كۆپ ژىل مەزكۇر بىلىم دەرگاھىدا چوڭ ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەپ، 2002 - ژىلدىن ئالمۇتا سەنئەت مۇزىكا ئاكادېمىيەسىگە يۆتكەلدى، بۇ يەردە ئۇ دوتسېنت، شاگىرتلارنى تەييارلىماقتا.

5 - ماي كۈنى زۇنۇن ئاكا ئۆزىنىڭ 80 - باھارىنى كۈتتۈۋالدى. بەختلىك ئاتىنى پەرزەنتلىرى، نەۋرىلىرى، ئۇرۇق - تۇققان، ئەل - ئاغىنىلىرى بۇ سەنە بىلەن سەممىي تەبرىكلىدى. ئۇنىڭغا ياخشى سالامەتلىك، ئۇزاق ئۆمۈر تىلىدى.

يادىكار سابىتىي.

جۇڭگو يازغۇچىلىرى ۋە نوبېل مۇكاپىتى

جۇڭگونىڭ فۇتبولچىلىرى «دۇنيا لوڭقىسى» مۇسابىقىسىگە قاتنىشقا يارىمىغاندەك، جۇڭگونىڭ يازغۇچىلىرىمۇ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلمەي كېلىۋاتىدۇ. فۇتبول ئويناش چوڭ ھۈنەر. فۇتبول ئوينىغان چاغدىكى ھەر بىر ھەرىكەتنى تاماشىچىلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا ھارامزادىلىك ئىشلىمەيدۇ. قايىل بولمايمەن دېگىنىمىز قايىل بولماي ئىلاجىمىز يوق.

لېكىن، ئەدەبىيات مۇكاپىتى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنداق مۇكاپاتنى بېرىشتە ئەھۋال ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ، ھەر تەرەپلىمە ئامىللار چېتىشلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگونىڭ يازغۇچىلىرى فۇتبولچىغا ئوخشاش تەگلىك - خىجالەتچىلىك تارتىپ ژۈرمەيدۇ، كۆرسىتىدىغان باھانە - سەۋەپلىرى يېتىپ ئاشىدۇ. مۇكاپات ئالالماسلىقىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا، بەزىلىرى غەرپ مەدەنىيىتى شەرق مەدەنىيىتىگە خۇسۇمەت قىلىدۇ، دەيدۇ؛ بەزىلىرى خەنزۇ تىلىنى تەرجىمە قىلىش قىيىن، جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ مېغىزىنى چىقىپ بېرەلمەيدۇ، دەيدۇ؛ يەنە بەزىلىرى شۋېتسىيەدىكى نامزات تاللاش ھەيئىتىنىڭ بىلىدىغانلىرى چاغلىق، دەيدۇ؛ يەنە بەزىلىرى بولسا، نوبېل مۇكاپىتى دېگەن كارى - بارى چاغلىق بىر نەرسىكەنغۇ! دەپ پەسەنتكە ئالمايدۇ. بۇنداقلارنىڭ سۆزىنىڭ نورامىغا قارىغاندا، مۇكاپاتنى بەرسىڭىزمۇ ئالماسمىش. نوبېل مۇكاپىتى ئالغان چەت ئەل يازغۇچىلىرىنى ياراتمايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. بۇنىڭدىن بىر نەچچە ژىل ئىلگىرى نوبېل مۇكاپىتى ئالغان (ياپونىيەلىك) داجاڭ جەنسەنلاڭ شەرقلىقلەرگە مەنسۇپ يازغۇچى ئىدى. شۇ چاغدا ئۇلار، ئۇ ئالۋاستى ياپونلۇق، قانچىلىك بىرنېمىتى! دېيىشتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەنزۇ تىلىغا بىر - بىرلەپ تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن بولسا، ھەممىسىنىڭ ئاغزى ژۇمۇلۇشقا باشلىدى. داجاڭ جەنسەنلاڭنىڭ ھېكايىلىرىدە ئىنسان تەبىئىتى توغرىسىدىكى پىكىر - مۇلاھىزىلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا جۇڭگونىڭ ھازىر ھايات تۇرغان يازغۇچىلىرىدىن يېتىشەلەيدىغىنىنى تېپىش تاپقىلى بولمايدۇ. باشقىلارنى ياراتمىغانلىقىمىز دەل ئۆزىمىزنىڭ بىلىدىغانلىقىمىزنىڭ چاغلىق ئىكەنلىكىدىن بولماقتا.

جۇڭگو يازغۇچىلىرىنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىشكە يەنە زادى قانچىلىك مۇساپە باردۇر؟

ئاۋال نوبېل مۇكاپىتىنىڭ تارىخىغا قاراپ باقايلى: 1895 - ژىلى نوبېل مۇكاپىتى تەسىس قىلىنغان چاغ دەل جۇڭگودا پادىشاھ گۇاڭشۇي، پۇخرالار شەرقىي - شىمالدىكى كەڭ كەتكەن يەرلەرنى ئېچىپ زىرائەت تېرىسا بولىدۇ، دەپ شەپقەت قىلغان ژىل ئىدى، يەنى تۇڭكېيىڭ، ۋۇيىڭ، تاگۇاڭ دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرىدا، كۆەنيىڭ تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە پۇخرانىڭ تېرىقچىلىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان ژىل ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى شۇ بىپايان زېمىن ئۇلۇق مەنچىڭ خانلىقىنىڭ «پادىشاھلىق يېرى» بولۇپ، پۇخرانىڭ قەدەم بېسىشىغا يول قويۇلمايدىكەن. ئۇ يەر ھازىرقى كۈندىكىدەك «تەبىئىي قوغدىلىدۇ»غان يەر ئەمەس ئىكەن، ئاتا - بوۋىمىزنىڭ روھى ئاياق ئاستى بولمىسۇن، دەپ ئادەم ئايىغى تېگىش مەنئىي قىلىنغان يەر ئىكەن.

مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، نوبېل مۇكاپاتىنى شۋېتسىيە پادىشاھى ئۆز قولى بىلەن تارقىتىدىكەن.

بۇ ئىككى پادىشاھنىڭ پەرقىگە قاراپ باقايلى: مۇبادا نوبېل جۇڭگودا تۇغۇلغان بولسا، ئۇلۇق مەنچىڭ پادىشاھى دۆلەت تەۋەلىكىگىمۇ قارىمايدىغان شۇنداق مۇكاپاتنى تەسىس قىلىشقا ماقۇل بولارمىدى؟ شۇنچە نۇرغۇن مۇكاپات پۇلىنى پادىشاھقا تەقدىم قىلماي، چەت ئەللىكلەرگە بېرىۋېتىشنىڭ ئۆزى ۋەتەنسىزلىك، ۋەتەنگە خائىنلىق بولمامدۇ؟ تۈزكورلۇق ئەمەسمۇ؟ دېمەك، نوبېل شۇ زاماندا جۇڭگودا بولغان بولسا كاللىسى كېتەتتى. ئۇ ۋاقىتتا نوبېل دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە ئىنسانلار ئۈچۈن تۆھپە قوشقان ئالىملارنى، ئەدىپلەرنى ئۆزىنىڭ پۇلى بىلەن مۇكاپاتلاشنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا، شۇ چاغلاردا جۇڭگودا زەكىي (دانىشمەن) ئادەملەر قەھرىتان سوغ كۆڭلەردە خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ ۋادىسىدا بىر - بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، «سىشتەيخۇ ئاتا» غا ئالتۇن قېزىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ ژۈرگەنىكەن. ئۇ يەردە بىر ئالتۇن كانى مەخسۇس سىشتەيخۇنىڭ پەردازلىق ئۇيا - تەگلىك خىراجەتلىرىگە ئاتالغانىكەن. دېمەك، ئوخشاش بىر زاماندا ئىككى دۆلەتتە ياشىغان زەكىيلەر نەزەر دائىرە ۋە تەپەككۇردا ئەينە شۇنداق ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدىكەن!

نوبېل مۇكاپاتىغا نامزات تاللاش جەھەتتىكى خىلمۇ - خىل قۇسۇرلارنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ بېرىشىمىز مۇمكىن. لېكىن بىز جۇڭگو ئادەملىرىگە باھالىتىدىغان - تاللىتىدىغان بولسا، ئىش قانداق بولار؟ يېقىنقى بىرنەچچە ژىلدىن بۇيان جۇڭگودا ھۆكۈمەت ماقۇل كۆرگەن ئالىي ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىنى تولا چاغلاردا پۇخرا ئانچە ماقۇل كۆرمەيۋاتىدۇ، يەنى راۋا بولمايۋاتىدۇ. تېلېفىلىمى جەھەتتە تامامەن پۇخرا باھالاپ بېرىدىغان قانداقتۇر بىر قانداق مۇكاپات تەسىس قىلىنغاندەك بولۇۋىدى، ئاقىۋەتتە ماقۇللاش چېكى سېتىۋالىدىغان، ماقۇللىغۇچىلارنىڭ ئاغزىنى ياغلايدىغان رەسۋاچىلىق يۈز بەردى.

دېمەك، نوبېل مۇكاپاتىغا جۇڭگونىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى يارىمايلا قالماستىن، نوبېل مۇكاپىتىغا باھالاپ تاللاش مۇھتىمۇ ناھايىتى ناچار. ئەگەر بۇ دۇنياۋى چوڭ مۇكاپات ئۈچۈن باھالاش - تاللاش ئىشى جۇڭگولۇقلارغا قالىدىغان بولسا، چوقۇم رەسۋايى ئەزىم بولىدۇ.

1999 - ژىللىق نوبېل مۇكاپىتى گېرمانىيەلىك گراسقا بېرىلدى، شۇ چاغدا جۇڭگولۇقلار غىدىڭ - پىدىڭ قىلمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ «قەلەي دۇمباق» ناملىق ئەسىرى بىر قانچە ژىل ئىلگىرىلا مەلۇم بولغانىدى. ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىدىن كەپ ئاچمايلا تۇرايلى، گراسنىڭ گېرمان مىللىتىدىن بولۇش سۈپىتى بىلەن گېرمان فاشىستلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلالىشى، كىتلېرنى شۇنچە قەبىھ، رەزىل قىلىپ تەسۋىرلىگەنلىكى ئاسان كەپ ئەمەس. مەن ئويلايمەنكى، چىڭگىزخاننىڭ قارا نىيىتى كىتلېرنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا دۇنياغا يېگانە خوجا بولماقچى. چىڭگىزخان ياۋۇزلۇقتا كىتلېردەك بولمىسىمۇ، ئېھتىمال ئادەملەرنى خۇددى كۆش توغرىغاندەك توغرىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بولمىسا، موڭغۇلىيە چۆلىدىن قانداق قىلىپ ۋولگا دەرياسىغىچە بارالسۇن؟ چىڭگىزخان جۇڭگودا يازغۇچىلار، شائىرلار ئىنچىل مەدھىيەلەيدىغان ئۇلۇق قەھرىمان بولۇپ كەلمەكتە. ياۋروپالىقلار نەزىرىدە بولسا، كىتلېردىن قېلىشمايدىغان ئەزرائىلدۇر. جۇڭگونىڭ يازغۇچىلىرى ھازىر خان - پادىشاھلارنى - چىن شىخۇاڭ، خەن ۋۇدىدىن تارتىپ تاكى كاڭشى، چيەنلۇڭغىچە زوق - شوق بىلەن مەدھىيىلىمەكتە. بۇ يەردە كەپ بۇنداق مەدھىيىلەر بىلەن گراسنىڭ كىتلېرنى پاش قىلىشتىكى ئويلىرى ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك پەرق بارلىقى مەسىلىسىدە ئەمەس، ئوي - پىكىرنىڭ بىر - بىرىگە مۇتلەق ئوخشىمايدىغانلىقىدىدۇر. «يۇگجېڭ خانلىقى» ناملىق تېلېفىلىمدا، پادىشاھلارنىڭ ئۆز يېنىدىكى پەرەمناغىلىرىغا ئۆزىنىڭ سىنىپىي قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرسىمىز. شۇ فىلىمنىڭ ئاۋتورلىرى، رېژىسسورلىرى شۇ ئەركەكلەرنىڭ ئاغۋات بولغاندىن كېيىن، يەنى پىچىپ تاشلانغاندىن كېيىن ئاندىن يۇگجېڭنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا مۇۋاپىق بولالىغانلىقىنى بىلمەمدىكىن - تاڭ؟ كىتلېر شۇنچە قەبىھ - زالىم بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان ئەركەكلەرنى پىچىپ تاشلىماپتىكەن. «ياگجۇدىكى ئون كۈنلۈك قەتلىئام»، «جىيادىڭدىكى ئۈچ كۈنلۈك قەتلىئام»لار كىتلېر ئوسۇۋېنسىم جازا لاگېرىدا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقتىن قىلىچىلىكمۇ قېلىشمايدۇ. جۇڭگو يازغۇچىلىرى ئۇلۇق مەنچىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئەينە شۇنداق ياۋۇزلۇقلىرىنى پاش قىلماقتا يوق، ئۇلارنىڭ «رەھىم - شەپقەت ۋە پەزلى - پەزىلەت»لىرىنى ھەدەپ مەدھىيىلەۋاتسا، قېنى ئېيتىپ بېقىڭا، ئۇلارنىڭ نوبېل مۇكاپاتى بىلەن بولغان ئارىلىقى قانچىلىك باردۇر؟

(سۇن شاۋسەن ئىمزاسىدىكى بۇ ئەسەر «بۈگۈن ئاخشام گېزىتى»نىڭ 2000 - ژىل 20 - ماي سانىدىن ئېلىندى.)

ئىستېداتلىق ئالىم، مەشھۇر يازغۇچى ۋە شائىر مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ تۇغۇلغىنىغا 80 يىل توشۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەدىبنىڭ تۆۋەندىكى ماقالىسىنى دىققىتىڭلارغا ھاۋالە قىلدۇق.

1

ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە تاكامۇللىشىش جەريانى، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەر مۇزىكا مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى بىر قەدەر ئايدىڭلاشتى دېيىشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئەرەبلەردىن كەلگەن، ئۇ ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى» دەيدىغان سەپسەتىلەرگە خاتىمە بېرىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ھەقدارلىق مەسىلىسى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. بىراق، ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ «ئون ئىككى مۇقام»غا بولغان تەسىرى مەسىلىسىگە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن قاراش تېخى يېتەرلىك بولمىغاچقا، بىر قۇتۇپتىن ئىككىنچى قۇتۇپقا سەكرەپ، ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىنكار قىلىش خاھىشى پەيدا بولماقتا، بۇ خاھىش «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ھەقدارلىق ھوقۇقىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش يولىدا كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتىنىڭ ئىلمىي ئۆلچەم بىلەن ساغلام ئېلىپ بېرىلىشىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزمەكتە. چۈنكى ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» بىلەن ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىغا باراۋەرلىك ئالامىتى سىزىش ئىنتايىن خاتا بولغىنىدەك، ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ «ئون ئىككى مۇقام»غا بولغان تەسىرىنى ئىنكار قىلىشمۇ ئىلمىيلىككە خىلاپ بىر تەرەپلىمە قاراشتۇر.

مەلۇمكى، مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك تارىخى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، قېدىمدىن تارتىپ مۇتلەق «ساپ مىللەت» بولمىغىنىدەك، سىرتقى تەسىردىن خالىي مۇتلەق «ساپ مەدەنىيەت»مۇ بولغان ئەمەس. مۇتلەق «ساپ مىللەت» ۋە «ساپ مەدەنىيەت» نۇقتىئىنەزەرى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپ، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. ئۈچ چوڭ ئېگىلىك (چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، سودا)، ئۈچ قېدىمىي مەدەنىيەت (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، يۇنان مەدەنىيىتى)، ئۈچ بۈيۈك دىن (بۇددا دىنى، خرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنى)، ئۈچ بۈيۈك تىل سىستېمىسى (خەنزۇ - زاڭزۇ تىل سىستېمىسى، ئالتاي - ئورال تىل سىستېمىسى، ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى) بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن زېمىندا، ئۇز دەۋرىنىڭ دۇنياۋى قاتناش لىنىيىسى «ئىپەك يولى» تۈگۈنىدە مەيدانغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ بەزى قېدىمىي مىللەتلەر مەدەنىيىتىگە ئوخشاش كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەتتۇر. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى، جۈملىدىن «ئون ئىككى مۇقام»مۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

ئامما، شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى، بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان كۆپ مەنبە پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان تارىخىي ۋە جۇغراپىيەلىك مۇھىتتا ياشىغان مىللەتلەر، مەدەنىيەتلىرىنىڭ مېخانىك ھالدا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر داشقازان ئومىچى ئەمەس، ئۇنىڭدا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ئاساسىدا باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ماددىي ئىشلەپ چىقىرىش ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىغا، مىللىي ئېتنىك زوقىغا مۇۋاپىقلاشتۇرغان ھالدا، ئۆز مەدەنىيىتىگە سىڭدۈرۈۋالغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. باشقا مىللەتلەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىش بۇ كۈنكى كۈندە قانداق مۇھىم رول ئويناۋاتقان بولسا، تارىختىمۇ شۇنداق مۇھىم رول ئوينىغان بىر خىل ئىلغارلىق ئىدى. قېدىمدىن بۇيان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىشتا ماھىرلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ھال «ئون ئىككى مۇقام»دىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ قېدىمكى كۈسەن (كۇچا)، سۇلى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن)، ئىدىقۇت (تۇرپان)، ئېۋىرغول (قومۇل) مۇزىكىسى، كېيىنىرەك دولان مۇقام كۈيلىرى ئاساسىدا بىخلىنىپ، يېتىلىپ يېتىش بىلەن قېلىپلاشقان بىر مۇزىكا سىستېمىسىغا ئايلىنىش جەريانىدا، باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مۇزىكا مەدەنىيىتى ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىپ تېخىمۇ بېيىغانلىقى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن مۇشۇنداق سىرتقى ئامىللار ئىچىدە تەسىرى تولاراق بولغىنى ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتى بولغاچقا بۇ توغرىلىق ھەر خىل قاراشلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىمۇ تەبىئىي.

2

ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتى بىر مۇنچە ئەللەردە خېلىدىن بۇيان تەتقىق قىلىنىۋاتقان تېمىلارنىڭ بىرى. شەرق ۋە غەرب ئالىملىرى بۇ تېمىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان، نەتىجىدە ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى بىر قەدەر ئايدىڭلاشتى دەپ تونۇلماقتا. شۇ جۈملىدىن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى «جاھىلىيەت» دەۋرىدىلا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلىدىكى ناخشا - قوشاق ۋە ئىپتىدائىي چالغۇ ئەسۋاپلىرى مەيدانغا كەلگەن دەپ ئېتىراپ قىلىنماقتا. مىلادى 1 - 2 - ئەسىرلەردىن ئېتىبارەن، سودا كارۋانلىرى پائالىيەتلىرىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ، كارۋان قوشاقلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان، بەگلىك ياكى كىچىك - كىچىك خانلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئوردا - سارايلاردا كەسپىي سازەندە ۋە مۇغەننىيە (ئايال ناخشىچى)لار، داپ، بىلەن ناخشا ئېيتىدىغان ھاپىزلار مەيدانغا كېلىشكە باشلاپ، 4 - 5 - ئەسىرلەر ئارىلىقىدا قەسىدىخان شائىرلارمۇ پەيدا بولغان، ئىبنى ئابۇدا، رابىيە قاتارلىقلار ئەينە شۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشىچە، «مىزخەر»، «باربۇد»، «ئۇد»، «تابىل» دەپ ئاتىلىدىغان چالغۇ ئەسۋاپلىرىمۇ پەيدا بولغان. ئەبۇ نەسىر فارابىينىڭ ئېيتىشىچە، بۇ چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئىچىدە ھازىرقىغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل تەمبۇرمۇ بار ئىكەن. بەزى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بۇ چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئىچىدە ھەممىدىن مەشھۇرراقى «ئۇد» دەپ ئاتالغان بىر خىل ساز بولۇپ، ياغاچتىن ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن «ئۇد» دېيىلگەن («ئۇد» ئەرەبچىدە ياغاچ دېمەكتۇر).

قەدىمكى ئەرەب چالغۇ ئەسۋاپلىرىنىڭ بىرى دەپ تونۇلغان باربۇد توغرىسىدا شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى، بىر مۇنچە ئالىملار (مەسىلەن، ياپون ئالىمى ياسۇخوتورى نارىئو) باربۇدنى پارسلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابى دېسە، گېرمانىيە ئالىمى، دوكتور كۇرت ساكس باربۇدنى سانسكرىت تىلىدىن كېلىپ چىققان قاراشتا. باربۇدنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى «پىپا» بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى (3 - ئەسىر)دا ياشىغان مەشھۇر تىلشۇناس لىيۇشى تۈزگەن «ئاتالغۇلارنىڭ ئىزاھاتى»، «چالغۇ ئەسۋاپلىرى قىسمى» ناملىق كىتابىدا باربۇدنىڭ ئەسلى ۋەتىنى «غۇزلار» (قەدىمكى زاماندا جۇڭگونىڭ شىمال ۋە غەربىي رايونلىرىدا ياشىغان مىللەتلەر) دىيارى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ چېلىشقا بولىدىغان بىر خىل ساز ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئۆتكەن. يەنە بىر مۇنچە خەنزۇچە ماتېرىياللاردا باربۇدنىڭ

«ئون ئىككى مۇقام»غا دائىر

مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «غەربىي يۇرت»تىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرىشكە باشلىغانلىقى، سۇي - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە (مىلادى 4 - ئەسىردە) كۈسەن باربۇدىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە كەڭ تارقالغانلىقى قەيت قىلىنغان، بۇ فاكتلار باربۇدنىڭ ئەرەپلەرگە ھازىرقى ش ئۇ ئار دىن كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆزبەك ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، مىلادى 3 - 4 - ئەسىرلەر ئارىلىقىدا، ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ بەيرەملى ۋىلايىتىگە يېقىن مەرۋە شەھىرىدە باربەد ناملىق بىر مۇزىكانت ياشىغان، ئۇ كىشى ھەم كومپوزىتور، ھەم ھاپىز، ھەم شائىر ئىكەن. باربەد ئۆز ھاياتىدا ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنىگە نىسبەت بېرىپ، يەتتە خىل ئاھاڭ تۈپلىمى، ئاينىڭ 30 كۈنىگە قىياسلاپ 30 كۈي، يىلنىڭ 360 كۈنىگە بېغىشلاپ شۇنچە كۆپ تەرانە (ئاھاڭ - كۈي) ئىشلىگەن، بۇ كۈيلەرنىڭ ھەممىسىنى باربۇد بىلەن ئورۇندىغان. ئۇ ئىشلىگەن تەرانىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھازىرغىچە ساقلانغان بولۇپ، ئۆزبەك «شەش مۇقامىسى» (ئالتە مۇقام) سىلسىلەسىدىكى «زەرەفكەند»، «خۇسرەۋۋانى»، «نەۋرۇزى بۇزرۇك»، «نەۋرۇزى ئەجەم»، «نەۋرۇزى خارا» مۇقام يوللىرىغا باربەد ئىجادىنىڭ ئەنئەنىلىرى بىۋاستە داۋام قىلماقتا. فارابى، ئىبنى سىنا ۋە ئابدۇراخمان جامى قاتارلىق زاتلار باربەدنىڭ مۇزىكا ئىستېدادىغا يۈكسەك باھا بەرگەن.

بۇ فاكتمۇ باربۇدنىڭ ئەرەپلەرنىڭ ئۆز مىللىي سازى بولماستىن، پارسلاردىن كىرگەنلىكىنى، پارسلارغا بولسا بىزدىن كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ شۇ دەۋرىگە دائىر ماتېرىياللار شۇنىڭدىن دالالەت بېرىدۇكى، ئەرەپلەر ئىسلامىيەتتىن خېلە بۇرۇنلا قېدىمكى مېسوپوتامىيە مۇزىكا ئەنئەنىسى بىلەن پارس مۇزىكا ئەنئەنىلىرىدىن كۆپ بەھرىمەن بولغان، ئۇلار يەنە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي ساھىلى (قىزىل دېڭىز قىرغاقلىرى)نى بويلاپ، شىمالدىن جەنۇبقا كۆچكەن يەھۇدىلار ئارقىلىق ئىبرانى مۇزىكىسىنىڭمۇ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان، ئىسلامىيەتتىن كېيىن بولسا، ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا، يۇنان، ئىران، خوراسان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىش ھېساۋىغا ئۆزىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىنى ئالاھىدە تەرەققىي قىلدۇردى.

3

بەزى ئادەملەر ئېيتقاندەك، ئىسلام دىنى مۇزىكىغا قارشىمۇ؟ ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئىسلامىيەت قوبۇلدىن كېيىن مەلۇم زامان تەرەققىي قىلالماسلىقىغا ئىسلام دىنى سەۋەپ بولغانمۇ؟ بۇ مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى تارىخىي فاكتلاردىن ئىزدەش لازىم.

دەرۋەقە، ئىسلام دىنىدا خرىستان ياكى بۇددا دىنلىرىدىكىدەك دىنىي مۇراسىملاردا ئورۇندىلىدىغان خاس دىنىي مۇزىكا (مەسىلەن، ناخشا ياكى چالغۇ ئەسۋاپلىرى بىلەن ئورۇندىلىدىغان نومۇرلار) بولمايدۇ، ئەكسىچە، ئىبادەت، ئۆلۈم ئۇزىتىش، ماتەم ۋە باشقا دىنىي مۇراسىملاردا ناخشا ئېيتىش، ساز چېلىش، ئۇسسۇل ئويناش مەنئىي قىلىنغان. ئامما، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى بولغان «قۇرئان» ئايەتلىرىنىڭ ھېچ بىرىدە مۇزىكىغا قارشى كەپ يوق، ئەكسىچە «قۇرئان» ۋە تەپسىر كىتاپلىرىدا «جەننەتتە خۇش ئاۋاز بۇلبۇللار ئاجايىپ ياخشى غەزەل ۋە نەغمە - ناۋا بىلەن مەشغۇل، ھۆرى - غىلمانلار غەزەلخانلىق قىلىدۇ» دەپ تەسۋىرلەنگەن. ياسۇخوتورى نارىئونىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇزىكىنى ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ كام بولسا بولمايدىغان بىر قىسمى دەپ بىلەتتى ۋە شۇ دەۋرىنىڭ قەسىدىخان شائىرى ھەسەننىڭ غەزەلخان قىزى سەفىيەنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ بىرى قىلىپ جاكالىغان. ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى ئاشكارا جاكالاشنى «ئەزەن» بىلەن باشلىغان. «ئەزەن» ئۆزىگە خاس ئاھاڭ ۋە رىتىم بىلەن مۇكەممەل بىر مۇزىكىلىق ئەسەر بولۇپ، ئاللىقاچان نوتىغا ئېلىنغان، ھەتتا بەزى ئەللەردە «ئەزەن» مېلودىيەسى دراما ئەسەرلىرىگە كىرگۈزۈلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، خۇلپايى راشىدىن (دەسلەپكى تۆرت خەلىپە)دىن ئابۇبەكرى دەۋرىدە، ئىبادەتكە دەخلى يەتمىسۇن دېگەن مەخسەتتە، ئويۇن - تاماشا «مەكرو»، يەنى تەشەببۇس

قىلىنمايدىغان ئىشلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئابۇبەكرىنىڭ دەۋرىدىن كېيىن، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى زامانلىرىدا، مۇزىكا پائالىيەتلىرى ئۆز جىلىنىڭ چەكلەنمىگەن، ئۆمەرنىڭ ئۆزىدىن باشقا ئۇنىڭ ئوغلى ھاشىممۇ مۇزىكا خۇمار ئىدى. ئوسماننىڭ زامانىسىدا، ئىران، رۇم ئىمپېرىيەسى تەرەپلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەچكە، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتا گۈللىنىش ۋەزىيىتى مەيدانغا كېلىپ، مۇزىكا سەنئىتى قايتا جانلىنىشقا باشلىدى. خەلىپە ئەلىنىڭ ئۆزى شائىر بولغىنىدەك، ئەدەبىيات، سەنئەتكە [illegible] دەپ تونۇپ، بۇ فاكتلار ئىسلام دىنىنىڭ مۇزىكا سەنئىتىگە يول ئېچىپ بەرگەن، ئىسلام تارىخىنىڭ ئىلگىرىكى مۇزىكا سەنئىتىنى تارىخىي پۈتۈنلۈكى بىلەن قوغدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

خۇلپايى راشىدىن دەۋرىدىن كېيىن، ئۇمەييە خەلىپىلىكى (جۈملىدىن خەلىپىلىك) دەۋرىدە، ئەرەب مۇزىكىسىنىڭ خېلە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ماقالىمىزنىڭ 2 - قىسمىدا بىر قۇر بايان قىلغانىدۇق. ئابباسىلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە بولسا، مۇزىكا سەنئىتى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى. بۇ تەرەققىياتلارنى ئىسپاتلايدىغان بىرى ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ ئىلىم - پەن ۋە سەنئەت ھامىيسى بولغانلىقى ئىدى. بۇنىڭ ئۇ-چۈن «ئىسلام مۇزىكىسى» ناملىق كىتاپتىن نەقىل قىلىپ تۆۋەندىكى فاكتلارنى كۆرسىتىش كۇپايە: ئابباسىلارنىڭ 3 - خەلىپىسى مەھدىنىڭ ئۆزى مۇزىكا خۇمار بولۇپلا قالماي، مۇزىكا سەنئىتىنىڭ رىۋاجلىنىشىغا ناھايىتى كۆڭۈل بولەتتى. ئۇ ئىبراھىم مەۋسىلى، خاككام ۋادى باشلىق نۇرغۇنلىغان مۇزىكىشۇناسلارنى ئەتراپىغا توپلاپ، ئۇلارغا ھامىيلىق قىلغان، ئىبراھىم مەۋسىلى بىرلا قېتىمدا بىر يۈز ئەللىك مىڭ دىنارلىق تارتۇقا ئېرىشكەن دېگەن مەلۇمات بار. 5 - خەلىپە ھارۇن رېشىت دەۋرىدە باغدات شەھىرى پەن ۋە سەنئەتنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان. ستىلىستىكا، شېرىيەت، تارىخ، قانۇنشۇناسلىق، تىبابەت قاتارلىق پەنلەر بىلەن بىللە مۇزىكىمۇ ئۇنىڭ ھامىيلىقىغا ئېرىشكەن. 6 - خەلىپە ئەمىننىڭ بىر قېتىملىق ئوردا زىياپىتىدە يۈز نەپەر غەزەلخان قىزغا ئويۇن قويدۇرغانلىقى كېيىنكى زامانلارغىچە ھېكايە قىلىنىپ كەلگەن. بۇ فاكتلار ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ دىن بىلەن مۇزىكا سەنئىتىنى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى قىلىپ قويمىغانلىقىنى، ئوردا - سارايلاردىكى ئەيش - ئىشرەت تەقاززاسىدىن بولغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، ئۆزىنى دىنىنىڭ ھامىيسى دەپ ئاتىغان خەلىپىلەرنىڭ ئەينى چاغدا مۇزىكىنىڭمۇ ھامىيسى بولغانلىقىنى، شۇنداق قىلىپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىجادى بولغان مۇزىكا سەنئىتىنىڭ شۇلارنىڭ ۋاستىچىلىكى بىلەن تېخىمۇ رىۋاجلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

دەرۋەقە، ئىسلام تارىخىدا بىر قىسىم دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ مۇزىكا سەنئىتىگە قارشى چىققانلىقىمۇ بىر فاكت. خۇددى سۇلتان ئابدۇرېشىتخان زامانىسىدا، ئۇستاز قېدىرخان ياركەندى بىلەن مەلىكە ئامانىسانىڭ «ئون ئىككى مۇقام»نى رەتلەش پائالىيىتىگە بىر ئوچۇم سوپى - ئىشانلارنىڭ قارشى چىققىنىغا ئوخشاش، ئەرەپ ۋە باشقا مۇسۇلمان ئەللىرىدىمۇ شۇنداق قارشىلىقلار بولغان. ئابۇبەكرى زامانىسىدا ئويۇن - تاماشا ۋە مۇزىكىغا «مەكرو» دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلگەنلىكى بۇ مۇتەئەسسىپلەرنىڭ مۇزىكا سەنئىتى ۋە مۇزىكا ئەھلىگە قارشى چىقىشتىكى زاھىرىي باھانىسى بولسىمۇ، ماھىيەتتە، بۇ ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە ماددىي مەنپەئەتلىرى تەقەززاسىدىن كېلىپ چىققان ئىنتىۋاگەرچىلىك ئىدى. بۇ خۇددى سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ھۇزۇرىدا قېدىرخان ياركەندىنىڭ ئابرويى ئۆسۈپ، سىياسىي مەۋقەسى مۇستەھكەملەنگەنسېرى، سوپى - ئىشانلار ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە ماددىي مەنپەئەتلىرى تەھلىكىگە ئۇچرىغاندەك ھېس قىلىپ، دەھشەتلىك ھەسەت ئوتىدا كۆيگىنىچە «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ رەتلىنىشىگە قارشى چىقىش يولى بىلەن ئىنتىۋاگەرچىلىك قىلغىنىغا ئوخشاشلا بىر ئىش.

ئەمەلىيەتتە بولسا ئىسلام دىنى دۇنياغا كەلگەن چاغدىن باشلاپلا، بىر مۇنچە دىنىي پائالىيەتلەر مۇزىكا بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن، مەسىلەن، ئەزەن ۋە تەكبىر ئېيتىش، قىرائەت قىلىش، مەۋلۇد ئوقۇش ۋە باشقىلار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مىلادى 622 - يىل 9 - ئايدا مۇھەممەد پەيغەمبەر مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ، مەدىنىگە بارغاندا، ئابۇ ئايۇپ ئەنسارى دېگەن ساھابە يۈزدىن ئوشۇق ئوسمۈر باللارغا مەۋلۇد بېيىتلىرىنى گۈزەل بىر ئاھاڭدا ئوقۇتۇپ ئىستىقبالىغا چىققان، پەيغەمبەر بۇنىڭدىن خۇشال بولغان.

سوپى - ئىشانلارنىڭ زىكرى - تەلقىنى ياكى ھالقا ساماسىنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل مۇزىكىدىن ئىبارەت. مەلۇمكى، ھالقا ساما بولغاندا، ئالدى بىلەن ئىشان ياكى خەلىپە باشلامچىلىقىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ خەتمە قىلىنىدۇ؛ ئاندىن ھاپىزلار ئەركىن ئۇدارلىق مۇقام شەكلىدە ھوكمەت ئوقۇيدۇ؛ بۇ ئاياقلاشقاندىن كېيىن، مۇقىم ئۇدارلىق ھوكمەت باشلىنىدۇ. ئاندىن ھەممەيلەن رىتىملىق جەھرە قىلىشىدۇ. بۇ چاغدا جەھرىنىڭ سۈرئىتى ۋە ئۇدار تاكتلىرى بارغانسېرى تېزلىشىپ ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ھالقىسمان بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھەرىكەتكە كېلىپ، ساماغا چۈشىدۇ. ھالقا سامادا ئوقۇلىدىغان ھوكمەتلەرنىڭ ئاھاڭلىرى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ، ھەتتا «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئاھاڭلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مۇزىكا لۇغىتى بويىچە تەھلىل قىلغاندا، بۇ ئاھاڭلار 4 2 لىك 4 3 ۋە 8 7 لىك ئۇدار سىستېمىسىغا چۈشىدۇ. مۇنداق ئاھاڭلار مۇڭلۇق ۋە رىتىملىق بولۇپ، كىشىنى قاتتىق ھاياجانغا سالىدۇ. ساما شەكلىنىڭ ئۆزى بولسا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ

بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە مۇلاھىزىلەر

مىللىي ئۇسۇللىرى تېپىشقا كىرىدۇ.

باخشى (پېرىخۇن)لىقنىمۇ مۇزىكىلىق قىممىتى جەھەتتىن بىر خىل مۇزىكا سەنئىتى دېيىشكە بولىدۇ. باخشىلىق ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي دىنىي ئېتىقادلىرىدىن بولغان شامان دىنىدىن قالغان خۇراپىي ئادەت. ئىسلامىيەتتىن كېيىن باخشىلار ئۇنىڭغا بەزى غەلىتە ئەرەپچە ياكى پارسچە ئىبارىلەرنى قوشۇپ چۈشىنىكسىز دۇئالارنى ئوقۇش بىلەن ئۇنى تېخىمۇ خۇراپىي دىنىي تۈسكە كىرگۈزۈۋالغان. ئەمەلىيەتتە بولسا، باخشىلىق بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ھېچ قانداق ئالاقىسى يوق. بەلكى ئىسلام دىنىدا بۇ خىل ئىشلار بىدئەت دەپ مەنئىي قىلىنغان. ئەمما، باخشىلار تۇغ باغلاپ، خەنجەر ئوينىتىپ، كېسەل «داۋالاش»قا كىرىشكەندە، يوغان داپلار بىلەن ناخشا - غەزەللەرنى ئوقۇيدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سەنەم، سەلقە قاتارلىق ئاھاڭلارنى تولۇق ئىجرا قىلىدۇ. دېمەك، باخشىلىقمۇ سۈنئىي ھالدا دىنىي تۈسكە كىرگۈزۈۋېلىنغان بىر خىل مۇزىكا پائالىيىتى ھېساپلىنىدۇ.

ئالدىنقى باپلاردا ئىسلام ئېتىقادىدىكى مۇزىكىشۇناسلاردىن ناملىرى زىكىر قىلىنغان زاتلار ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك مۇزىكا پىرلىرى بولۇش بىلەن بىللە، ئەينى چاغدا تەقۋادار مۇسۇلمانلار ئىدى. ئۇلاردىن كېيىن

جەھەتتىن «چوغ»، «ھاردۇق»، «شوخ» بولۇپ تۈزۈلگەن. «چوغ»ناخشىغا قارىتىلغان بولۇپ، مۇقامنىڭ «چوڭ نەغمىسى»نى بىلدۈرىدۇ، «ھاردۇق» بايان نەغمىسى بولۇپ، مۇقامنىڭ «داستانى»نى بىلدۈرىدۇ، «شوخ» ئۇسسۇللۇق سەنەم نەغمىسى بولۇپ، مۇقامنىڭ «مەشرەپ»ىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، كۇسەن مۇزىكىسى مۇكەممەل كۈي شەكلى نەزەرىيىسىگە ئىگە بولۇپ، ئۈچ بۆلەكلىك ژۈرۈشلەشتۈرۈلگەن چوڭ نەغمە شەكلىنى ئالغاندى. چالغۇ ئەسۋاپلىرىمۇ 16 خىلغا يەتكەن. كۇسەن مۇزىكىسىدىكى «بەش تار» ھازىرقى ئۇيغۇر راۋابىغا تارىخىي مەنبە بولغان. كۇسەن مۇزىكىسىدا قوللىنىلغان نەي ھېلىمۇ قوللىنىلماقتا. كۇسەن تام سۈرەتلىرى يادىكارلىقىدا ساقلىنىپ قالغان داپنىڭ شەكلى ھازىرقى داپقا ئوخشايدۇ. كۇسەن مۇزىكىسىدىكى «بىلى» ھازىر ئۇيغۇرلار ئىشلىتىۋاتقان بالامانىڭ ئۆزى. ئۇيغۇر مۇزىكىسىدىكى مۇقام بىلەن كۇسەن مۇزىكىسى بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان... مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا كۇسەن مۇزىكىسىنى مۇقام دېيىشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن، مۇقامنى كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ دەل ئۆزى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. مۇزىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىكى ئورتاقلىقتىن قارىغاندا، كۇسەن مۇزىكىسى مۇقامنى تارىخىي مەنبە بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ مۇقامنىڭ ئۇسۇپ يېتىلگەن بوشۇ-

ئۆتكەن نىزامى گەنجەۋى، شەيخ سەئدى، ئابدۇراخمان جامى، ئەبەيدۇللا لۇتفى، ئەلىشىر نەۋائىي كەبى كېنىئال ئەدىپلەرمۇ ئۆز ئېتىقادلىرى بويىچە تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇش بىلەن بىللە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىققان ئۇلۇغ نامايەندىلەر ئىدى. ھالبۇكى، ئالدىنقىلارنىڭ تەقۋادارلىقى ئۇلارنىڭ مۇزىكا سەنئىتى ساھاسىدىكى پائالىيەتلىرىگە توسقۇن بولمىغىنىدەك، كېيىنكىلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھاسىدىكى موجىزىلىك ئەمگەكلىرى ئۇلارنىڭ تەقۋادارلىقىغا دەخىل يەتكۈزگەن ئەمەس، ئەكسىچە، بۇ زاتلارنىڭ بەزىلىرى (مەسىلەن، جالالىدىن رومى) ھەتتا تەسەۋۋۇپچىلىقتا مايىل بولۇشىغا قارىماي، مۇزىكا سەنئىتى بىلەن بىۋاستە شۇغۇللانغان. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۆزى سازەندە ھەم بەستىكار (كومپوزىتور) بولغانىنىڭ ئۈستىگە، «شائىر ئۈچۈن نەغمە ئۇنىڭ ئىجادىنىڭ بىر قىسمى» دەپ، شائىرلارنى مۇزىكا بىلەن شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلاتتى.

يېقىنقى ئۇيغۇر تارىخىنى ۋاراقلىساق، بىرمۇنچە ئۇچۇق پىكىرلىك دىنىي ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ساز بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا (بەزىلەرنىڭ دۇتار، تەمبۇر، بەزىلىرىنىڭ غىجەك چالىدىغانلىقىغا)، ھەتتا ھېيت - ئايەم كۈنلىرى ناغرا - سۇناي بىلەن ئوينىلىدىغان ئاممىۋى ساما ئۇسسۇلىنى ئالدى بىلەن ئۆلىمالار دۇئا - تەكبىر ئوقۇپ، ئۆزى باشلاپ بېرىدىغانلىقىغا دائىر مىساللارنى كۆپلەپ ئۇچرىتالايمىز. بۇ فاكتلارمۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇزىكىغا قارشى ئەمەسلىكىنى، ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئۆتمۈشتە مەلۇم تۇرغۇنلۇقتا قېلىپ تەرەققىي قىلالماسلىقىغا ئىسلام ئەقىدىلىرى ئەمەس، بەلكى بىرمۇنچە سىياسىي ئىختىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئامىللار قاتارىدا بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ 1400 ژىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ھېلىقى «مەكرۇ» دېگەن پەتىۋانى ئۆز مەنپىيەتلىرى ئۈچۈن سۇيىستېمال قىلغانلىقى سەۋەپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

4

ئەرەپ مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىگە، جۈملىدىن «ئون ئىككى مۇقام»غا تەسىر كۆرسىتىشىگە كەلسەك، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇ ئىككى خىل مۇزىكا مەدەنىيىتى تارىخىي تەرەققىيات جەريانى، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى، بولۇپمۇ بۇ ئىككى خىل مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى مۇقام سەنئىتى قاتارلىق جەھەتلەردە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئالدىنقى باپلاردا ئەرەپ مۇزىكىسىنىڭ تارىخىغا دائىر بايان قىلىنغان فاكتلاردىن شۇ نەرسە ئايانكى، ئەرەپ مۇزىكىسى مىلادى 6 - ئەسىرگىچە بولغان مەزگىللەردە قوشاقلارنى ئاددىي سازلار بىلەن ئورۇنداش، يەنى يەككە ئاۋاز سىستېمىسىدىكى ئىپتىدائىي ھالەتتە ئىدى. ئۇلاردا تېخى ھېچ قانداق مۇزىكا نەزەرىيەسى بارلىققا كەلگەن ئەمەس. ھالبۇكى، بۇ مەزگىللەردە ھازىرقى ش ئۇ ئا ر ئاللىقاچان «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى»غا مۇناسىپ ھالغا يېتىپ ئۆز شوھرىتىنى ئەتراپقا يېيىشقا باشلىدى، بۇنىڭ ئېنىق نامايەندىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن كۇسەن مەدەنىيىتى ۋە كۇسەن مۇزىكا سەنئىتى بولۇپ، كۇسەن مۇزىكا سەنئىتى مىلادى 6 - ئەسىردىن 7 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيەسىگە ئېرىشكەندى. بۇنىڭ ئۈچۈن، جۇجىنباۋنىڭ «ئىپەك يولىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتى» ناملىق كىتاۋىدىن بەزى مىساللارنى نەقىل كەلتۈرۈش كۇپايە:

كۇسەن مۇزىكىسى دېگەندە، ش ئۇ ئا ر نىڭ ھازىرقى كۇچا دىيارىدا تارالغان مۇزىكىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى راھىپ شۈەنزاڭنىڭ بايانى بويىچە يېزىلغان «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەرىپكە قىلىنغان ساياھەت» دېگەن ئەسەردە كۇسەن مۇزىكىسى ھەققىدە سۆزلىنىپ، «يەللىك ۋە تارلىق سازلارنى ئورۇنداش ماھىرلىقى بىلەن ھەر قايسى بەگلىكلەر ئارا داڭقى چىققان» دېيىلىدۇ. «شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تارىخى» دا ۋە «سۈينامە»دە كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ مىلادى 6 - ئەسىرلەردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە (ھازىرقى ئىچكى ئۆلكىلەرگە) تارقىلىپ كىرگەنلىكى يېزىلغان، كۇسەن مۇزىكىسى باشلىنىش نەغمىسى، بايان نەغمىسى ۋە ئۇسسۇللۇق سەنەم نەغمىسىدىن تەركىپ تاپىدۇ. روشەنكى ئۇ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى جەھەتتىن چوڭ نەغمە ئىدى. شەكىل

كى، شۇنداقلا مۇقامنىڭ پەيدا بولۇپ تەرەققىي قىلغان تۈنجى مەركەزلىك ماكانىدۇر.

مىسىرلىق ئەھمەد شەفىق ئەبۇ ئەۋاھىنىڭ «ئەرەپ مۇزىكىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە: «ئەرەپلەردە مۇزىكىنى نوتىغا ئېلىش 13 - 14 - ئەسىرلەردە باشلانغان» دېيىلگەن. كۇسەن مۇزىكىسىغا كەلسەك، تاڭ دەۋرىدىلا (يەنى 7 - ئەسىردىلا) ئۇنىڭ نوتا كىتاپلىرى بولغاندى. كۇسەن مۇزىكىسىدىكى بايان نەغمىسى بىلەن ئۇسسۇللۇق نەغمە - كۈيگە ئىنسترۇمېنتاللىق (يەنى چالغۇ ئەسۋاپلىرى ياردىمى بىلەن ئورۇنلىنىدىغان) مۇزىكا ئىدى. ئەرەپ مۇزىكىسى 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئاندىن پارس ۋە تۈركلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئىنسترۇمېنتاللىق مۇزىكىلارغا ئېتىبار بېرىدىغان بولدى. بۇنىڭ كۇسەن مۇزىكىسىغا قارىغاندا، بىر نەچچە ئەسىر كېيىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بۇ فاكتلار ئەرەپ مۇزىكىسى تېخى ئىپتىدائىي قۇرۇلما باسقۇچىدا تۇرغان ئەسىرلەردە ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يۈكسەك سەۋىيەگە يېتىپ (گەرچە ئۇ چاغلاردا تېخى «مۇقام» دېگەن سۆز قوللىنىلمىغان بولسىمۇ)، قۇرۇلما جەھەتتە مۇقام بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ فاكتلار يەنە ئەرەپ مۇزىكا مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىدە زادى قايسىسىنىڭ قايسىسىغا بالدۇر ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئېنىقلاشقىمۇ ياردەم بېرىدۇ. بۇ فاكتلارغا قاراپ، ئۇيغۇر مۇزىكىسى ئەرەپ مۇزىكىسىغا بالدۇر تەسىر كۆرسەتكەن ئىكەن دېگەن مەنتىقىي خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن. ئەندى بۇ مەنتىقىي خۇلاسىنى دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاش ئۈچۈن يەنىلا تارىخىي فاكتلارغا مۇراجەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئەرەپ مۇزىكىسىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان باربۇد(يەنى پىپا)نىڭ ئەسلى ۋەتىنى ھازىرقى ش ئۇ ئا ر ئىكەنلىكى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بۇ يەردىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرىشكە باشلاپ، مىلادى 4 - ئەسىردە كۇسەن باربۇدىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە كەڭ تارقالغانلىقى، بۇ سازنىڭ 8 - ئەسىر ئىچىدە پارسلار ئارقىلىق ئەرەپلەرگە كىرگەنلىكى، پارسلارغا بولسا ئوتتۇرا ئاسىيادىن بارغانلىقى ھەققىدە ماقالىمىزنىڭ 2 - قىسمىدا سۆزلەپ ئۆتكەندۇق. گېرمانىيە ئالىمى كۇرت ساكسنىڭ تەكشۈرۈشىچە، «باربۇد» دېگەن سۆزنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى سۆز ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىردە، ھىندىستاننىڭ يېزىق تىلى بولغان سانسكرىت تىلىنىڭ بۇددا دىنى ئارقىلىق ھازىرقى ش ئۇ ئا رغا كىرگەنلىكى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا سانسكرىت تىلىدىكى سۆزلۈكلەرنىڭ خېلە كەڭ قوللىنىلغانلىقى (مەسىلەن، سارت، چېرىك، براخمان دېگەنگە ئوخشاشلار)نى ھېساپقا ئالغاندا، بۇ فاكتمۇ «باربۇد»نىڭ ئەرەپلەرگە بىزدىن كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

قوبۇز (ياكى قومۇز) ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى سازلىرىدىن بىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر رىۋايەتلىرىدىن «شاھزادە قالىيامقارا بىلەن پاپامقارا ھەققىدە رىۋايەت» تە: «شاھزادە قوبۇز چېلىشقا ناھايىتى ھېرىسمەن ئىدى» دېگەن بىر جۈملە بار، قەدىمكى رىۋايەتتە «قوبۇز» دېگەن سازنىڭ بارلىقى ئۇنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ساز ئەرەپلەرگە 9 - ئەسىردە بىز تەرەپتىن بېرىپ تارقىلىشقا باشلىغان ئىدى.

تاڭ دەۋرىدە جۇڭگوغا كەلگەن ئەرەپلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن) گە كېلىپ، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ ئولتۇراقلاشقانلىرى بىر نەچچە مىڭغا يېتىدۇ. ئۇلار ھەر قېتىم «ئىپەك يولى»نى كېزىپ، كۇسەندىن ئۆتمەي قالماتتى (كۇسەندىن باشقا، سۇلى يەنى قەشقەر، ئىدىقۇت يەنى تۇرپاندىن ئۆتۈشمۇ چوقۇم ئىدى). شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ كۇسەن (جۈملىدىن قەشقەر، ئىدىقۇت) مۇزىكىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى، چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى ۋە ئۇنى چېلىش ئۇسۇللىرىنى ئەرەپ دۇنياسىغا ئېلىپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇقەررەر.

قەشقەر ۋە بالاساغۇننى پايتەخت قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە بۇ سۇلالە تېررىتورىيەسىنىڭ غەرىپتە بۇخارا ۋە سەمەرقەنتكىچە كېڭىيىپ بېرىشى ئەرەپ مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن مۇزىكا - سەنئىتىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن مۇزىكا سەنئىتى بىلەن بىۋاستە ۋە كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. چۈنكى بۇ چاغلاردا ئەرەپلەر بۇ يەرلەرگە ئاللىقاچان كېلىپ بولغان ۋە بۇ يەرلەردىكى مەدەنىيەت بايلىقىدىن كەڭ كۆلەمدە بەھرىمەن بولماقتا ئىدى. قاراخانىلار دەۋرىدە، ئۇيغۇر مۇزىكىشۇناسى ئەبۇ نەسىر فارابى ئەرەپ تىلىدا يازغان «كىتاب ئەلمۇسىقى كەبىر» دېگەن ئەسەردە مۇزىكا نەزەرىيەسى چالغۇ ئەسۋاپلار، ماسلاشقان ۋە ماسلاشمىغان ئىنتېرۋاللار (ئارىلىقلار)، رىتىم، ئىجادىيەت قانۇنىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە مول نەزەرىيەۋى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا، دوكتور دارمۇر ئۆزىنىڭ «ئەرەپ مۇزىكىسىدىكى ئاۋاز تىزمىلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتاۋىدا: «بىزنىڭ ئەرەپ مۇزىكا گامماسى (ئاۋازلار تەركىۋىدىكى يېقىن تاۋۇشلار مەجمۇئى) توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىز ئەڭ ئاۋۋال ئەبۇ نەسىر فارابىدىن باشلاندى» دەپ يازغان.

ئەرەپ مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى مىلادى 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشىدىن، يەنى ئىسلام دىنى بىلەن تەڭ ئەرەپ مەدەنىيىتىنىڭمۇ بىللە كىرىپ كېلىشىدىن باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئالدى بىلەن تىل ھادىسىسىدە ئىپادىلىنىشكە باشلىدى، يەنى ئەرەپ تىلى بارا - بارا ئىلىم - پەن تىلىغا، پارس تىلى ئەدەبىيات - سەنئەت تىلىغا ئايلىنىشقا باشلاپ، ئەرەپچە ۋە پارسچە سۆزلەر پەيدىن - پەي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى، ھەتتا قاراخانىلارنىڭ خانلىرىدىن باشلاپ (مەسىلەن، سۇتۇق بۇغراخان ئۆزىگە ئابدۇلكېرىم دەپ ئەرەپچە ئات قويغاندەك) ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزىگە ئەرەپچە ئىسىم قويىدىغان بولدى. ئۇيغۇر ئالىملىرىمۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەپ ياكى پارس تىلىدا يېزىشقا كىرىشتى. شۇنداق شارائىتتا، بەزى چالغۇ ئەسۋاپلىرى بىلەن كۈي - ئاھاڭلارغا ئەرەپچە ياكى پارسچە نام بېرىلىشى، ئەرەپچىدىن «مۇقام» سۆزىنىڭ كىرگەنلىكى ئەتجەسسىدە، كېيىنچە «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ بەزىبىر ناملىرىنىڭمۇ ئەرەپچە ياكى پارسچە ئاتىلىپ قالغانلىقى ھېچ بىر ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

ئامما، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ نامى ئەرەپچە ياكى پارسچە ئاتىلىپ قالغانلىق بىلەن ئۇنىڭ مىللىي ماھىيىتىدە ھېچ قانداق ئۆزگىرىش بولغىنى يوق، يەنى ھەر بىر مىللەتنىڭ مۇزىكا سەنئىتى شۇ مىللەتنىڭ پسىخىك خاراكتېرى، تۇرمۇش ئادىتى، ئۆزى ياشىغان جۇغراپىيەلىك مۇھىت ۋە مىللىي ئەنئەنىسىنىڭ سىمۋولى بولغاچقا، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ نامى ئەرەپچە ياكى پارسچە ئاتىلىپ قالسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇيغۇرلارغا خاس مۇزىكىلىق خۇسۇسىيىتى ئەينەن ساقلاپ قالدى. بۇ خۇددى بىر ئۇيغۇر ئۆزىگە ئەرەپچە ئىسىم قويۇپ، ئەرەپلەرگە ئوخشاش كىيىنىۋالغان تەغدىردىمۇ، چىراي شەكلى، مىجەز - خۇلقى، ياشاش تەرزى ۋە ئېتىنىك زەۋقى جەھەتتىن ھامان ئۇيغۇرلىقىچە قالغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ھەممىسىگىلا ئەرەپچە ياكى پارسچە ئاتىلىپ كەتكىنى يوق. مەسىلەن، ئابدۇرشىتخان زامانىسىدىن باشلاپ بىر قانچە قېتىم رەتلىنىپ قېلىپلاشتۇرۇلغان ۋە ھازىر ئورتاق ئۇيغۇر مۇقامى دەپ ئاتىلىۋاتقان «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ بەزىبىر ئايرىم ناملىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، دولان مۇقاملىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرچە ئاتىلىدۇ. قۇمۇل «ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ پەقەت بىرلا پارچە «چارىگاھ» دەپ ئاتىلىدۇ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇيغۇرچە نامى بار.

ئەرەپ مۇزىكىسىنىڭ يەنە بىر تەسىرى كۈي - ئاھاڭ شەكلىنىڭ «ئون ئىككىلىك» تەرتىپكە سېلىنغان ئەنئەنىنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكىسىغىمۇ يېتىپ كىرگەنلىكى دېيىش مۇمكىن. بىراق، كۈي - ئاھاڭلارنى شەكىل جەھەتتىن ئون ئىككىگە بولۇش ئەرەپلەرنىڭ ئىجادىيىتى ئەمەس، بەلكى ئىبن سىنانىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەيدانغا كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۇجىنباۋ ئەپەندىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئىبن سىنانىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى ئۇيغۇرلار قۇرغان قاراخانىلار سۇلالىسىگە قاراشلىق بۇخارا بولغانلىقتىن، ئۇ قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ پۇقراسى ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى، مۇقاملارنىڭ كۈي - ئاھاڭ شەكىللىرى ئېتىبارى بىلەن پەقەت ئون ئىككى بولۇشى شەرت ئەمەس. مەلىكە ئامانىساخان بىلەن قىدىرخان ياركەندى رەتلەپ قېلىپلاشتۇرغان مۇقاملار ئون يەتتىگە يەتكەن. دېمەك، مۇقامغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «ئون ئىككىلىك» سان مۇتلەق ئۆزگەرمەس مۇقەددەس سان ئەمەس. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، پارسلارمۇ ئۆز مۇقاملىرىنى رەتلەپ يەتتىگە مۇقاملاشتۇرغان. ماراكەشتە مۇقاملار «نوبا» دېگەن نام بىلەن ئون بىرگە، لىۋىيەدە توققۇزغا يەتكۈزۈلگەن.

ژىغىپ ئېيتقاندا، كۇسەن(كۇچا)، سۇلى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن)، ئىدىقۇت (تۇرپان)، ئېۋىرغۇل (قۇمۇل) مۇزىكا سەنئىتى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئۇ مىلادى 4 - ئەسىردىن باشلاپ «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك» (خەنزۇ) مۇزىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان ۋە «ئىپەك يولى»نى بويلاپ غەرىپكە تارقىلىپ، 6 - 7 - ئەسىرلەردىن باشلاپلا پارس - ئەرەپ مۇزىكىسىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ چاغلاردا، ئەرەپ مۇزىكىسى تېخى ئىپتىدائىي تەرەققىيات باسقۇچىدا ئىدى. ئىسلام دىنى ھازىرقى ش ئۇ ئا رغا كىرگەندىن كېيىن، ئەرەپ - ئىسلام مەدەنىيىتىمۇ بۇ رايونغا كىرىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، مەيلى مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش نۇقتىسىدىن بولسۇن ۋە مەيلى مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى كونكرېت ئەھۋاللار نۇقتىسىدىن بولسۇن، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ تەرەققىياتىغا ئەرەپ - پارس (كەڭ ئېيتقاندا ئەرەپ - ئىسلام) مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىمۇ بىر تارىخىي فاكت. شۇڭا، «ئون ئىككى مۇقام» ئەرەپ - پارس مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى دېگەن قاراش ئىنتايىن خاتا بولغىنىدەك، ئەرەپ - پارس مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى ئىنكار قىلىشمۇ ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر.

(«خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا» دېگەن كىتاپتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.)

ئىسلام دىنى ۋە ئىنسان ھوقۇقى

ئىسلام دىنى مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇن بىرىنچى بولۇپ ئىنسان ھوقۇقى مەسىلىسىنى ئەڭ كامىل دەرىجىدە جارىي قىلغان ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىش ئىشىنى ئۆزىگە مەسئۇلىيەت قىلىپ، پرىنسىپ بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلغاندى.

مەلۇمكى، ئىسلام دىنى بارلىق ساماۋى دىنلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەخت - سائادىتى ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشكەن ۋە ئىنسانىيەتكە بەخت - سائادەت ۋە ئامانلىقنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلغان دىن. ئىسلام ئەقىدىلىك، ھەمكارلىق، دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىقنى ئاساس قىلغان ئۇلۇغلۇق ئىسلامىي بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئەمدى، ھازىرقى ئىنسان ھوقۇقىدىن سۆز ئاچىدىغان بولساق، تا ھازىرغىچە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ پىكىرلىرىنى مەشغۇل قىلىپ تۇرۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى [illegible]. ئامېرىكىدەك ئىنسان ھوقۇقىنى ئەڭ چوڭ ھورمەت بىلدۈرىدىغان دېموكراتىيە بىر دۆلەتمۇ [illegible] بولغاندا كەلمەكتە. ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارا تەنلىكلەر بىلەن بىر سىنىپتا تەلىم ئېلىشى، بىر رېستوراندا تاماق يېيىشىگە جىددىي قارشىلىق كۆرسىتىدىغان ئىنسانلارنىڭمۇ بارلىقىنى ئاڭلايمىز.

ئافرىقىدا [illegible] سەۋەبلىرى بىلەن ئۆلۈپ تۇرسا، باي مەملىكەتلەردىكى [illegible] ساتىراشخانىلاردا [illegible] شامپۇنلار بىلەن يۇيۇلىدۇ. فرانسىيىدە [illegible] بىر يىلدا سەرپ قىلىنىدىغان مەبلەغ كۆلىمىنىڭ سومالى دۆلىتىنىڭ بىر يىللىق كىرىمىدىن 10 ھەسسىسى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمىزدە، ھازىرقى دۇنيادا ئىنسان قىممىتىنىڭ نەقەدەر تۆۋەن، ماتېرىيالىزم دۇنياسىنىڭ نەقەدەر شەپقەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش بىز ئۈچۈن تەس ئەمەس.

ھازىر تېلېۋىزىيە كانال لىرى دۇنيادا بولۇۋاتقان ئەڭ كىچىك ۋەقەلىكلەرنىڭ خەۋەرلىرىنىمۇ ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ [illegible] ئاڭلىتىپ، كۆرسىتىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى خوشنىمىزنىڭ ئەھۋالىنى [illegible] دە ياشايدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى خوشنىسىنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىلىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ [illegible] نىڭ نىمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. مانا بۇ،

ئەرەبلەر [illegible] مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ ھالى، دېمەك، بۈگۈنكى كۈندە ئىنسان [illegible].

ئاما ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسان ھوقۇقى بەلگىلىمىسى مۇنداق بېكىتكەن:

- خوشنىسىنىڭ ئاچ ياتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى تويدۇرماستىن، ئۆزى توق ياتقان ئادەم مۇسۇلمان ئەمەس.

- خوشنىلىرىغا ئازار بېرىدىغان ئادەم ھەقىقىي مۇسۇلمان بولالمايدۇ.

- ئىنسانلار قانۇن ئالدىدا ۋە ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئوخشاشتۇر. ئەرەبنىڭ ئەجەمگە، ئاق تەنلىكنىڭ قارا تەنلىككە ھېچ قانداق ئارتۇقچىلىقى يوقتۇر. پەقەت [illegible].

- قول ئاستىلاردا [illegible].

- مۇسۇلمان - كىشىلەرگە قولى ياكى تىلى بىلەن زىيان يەتكۈزمىگەن كىشىدۇر.

- ئىشچىنىڭ ھەققىنى تەرلىرى قۇرۇشتىن بۇرۇن بېرىپ بولۇڭلار.

- سىلەرنىڭ ھېچ بىرىڭلار ئۆزى ياقتۇرغان نەرسىنى، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بۇرادىرى ئۈچۈن ياقتۇرمىغۇچە ھەقىقىي مۇسۇلمان بولالمايدۇ.

[illegible]

بالىلار ھوقۇقى

مىلادىيەنىڭ 571 - يىلىدا [illegible]

قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن:

- بالىلار [illegible]، قىز - ئوغۇللار ھورمەتتە ئوخشاش تۇغۇلىدۇ.

- بالىلار مال - مۈلۈك ئىگىسى بولالايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن كەلگەن ھەدىيەلەر، يارىدەملەر، ئۇلارغا ئاتالغان مال - مۈلۈكلەر ئۇلار ئەقىل [illegible] ئىگە بولغانغا قەدەر ساقلىنىدۇ. كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز قوللىنىلمايدۇ.

- بالىلارغا گۈزەل ئىسىملارنى قويۇش، بالىلارنى تولۇق ئوقۇتۇش ۋە ياخشى تەربىيە قىلىش ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى مۇھىم پەرزلەرنىڭ بىرى.

- بالىلارنى 10 ياشقا كىرگەنگە قەدەر ئۇرۇشقا بولمايدۇ.

- بالىلار [illegible] بولغانغا قەدەر بارلىق چىقىملىرى ئاتىسىنىڭ ئۈستىگە [illegible]. كىچىك بالىلارنى مەشەقەتلىك ئىشلارغا سېلىش [illegible] بولمايدۇ.

- بالىلارغا زىيانكەشلىك قىلىنمايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن بەدىنىدا [illegible].

دۇنيادا بالىلار ھوقۇقلىرى [illegible] ئېلان قىلىنىشى 20 - ئەسىرنىڭ بىر يېڭىلىقى بولىدۇ.

مەلۇمكى، قۇرئاننىڭ بالىلار ئۈچۈن بەرگەن ھورمىتى ۋە ئەھمىيىتى دۇنيادىكى ھېچ قانداق بىر قانۇندا تېپىلمايدۇ. تەبىئىيكى، [illegible] ئۇلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشى [illegible] ئاتا - ئانىلار [illegible] بۇ بولسا [illegible].

ئاياللار ھوقۇقى

مۇندىن 1422 يىل بۇرۇن دۇنيا تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش [illegible] ئىنسان ئىكەنلىكى [illegible] ھوقۇقلارغا ئىگە ئىكەنلىكى ئېلان قىلىنغان. نەدە؟ قۇرئاندا! ئېھتى مىلادىيەنىڭ 1700 - يىللىرى فرانسىيەدە، ئاياللارنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكى ياكى باشقا بىر جىنس ئىكەنلىكى توغرىلىق جىددىي تالاش - تارتىشلار بولۇپ ئۆتكەن ئىكەن.

6 - ئەسىرنىڭ شارائىتىدا ئاياللار دۇنيانىڭ قانداقلا يېرىدە بولمىسۇن، قۇل ئورنىدا كۆرۈلەتتى. يەھۇدىي دىنىدا، ئاياللار شەيتانلارنىڭ بىر تۈرى دەپ قارالغان بولسا، بۇددىزمدا ئاياللار جىن، دەپ قارىلاتتى. ھىندىيلارنىڭ دىنىدا بولسا، ۋابا، كېسەللىك ۋە باشقىمۇ بەختسىزلىكلەر ئاياللارنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ، دەپ قارىلاتتى. ھىندىيلار ئېرى ئۆلگەن ئايالنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئېرى بىلەن بىرگە كۆيدۈرەتتى. ھازىرمۇ بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ قىسمەن مەزھەپلىرىدە ھۆكۈم سۈرمەكتە. پەقەت، ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، قۇرئاننىڭ ئىجتىمائىي قانۇنىدا، ئاياللارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرى بەلگىلىنىپ، ئۇلارنىڭ شان - شەرىپى كۆتۈرۈلدى. شۇ ۋاقىتلارنىڭ شارائىتىدا دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە، خۇسۇسەن ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا ئاياللار مىراس ئورنىدا قوللىنىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى قالدۇرغان مال - مۈلۈكلەردىن مىراس ئېلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئاما قۇرئان كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا مۇنۇ ھوقۇقلارنى بەلگىلىدى:

- ئاياللارنىڭ مىراس ئېلىش ۋە ئۆزىنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز، خالىغىنىچە تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقى باردۇر.

- ئاياللارغا ئەگەر ئۆزلىرى خالىمىسا ئۇلارغا ئۆي ئىشلىرىنى قىلدۇرماسلىق.

- ئەرنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى يېتەرلىك بولسا ئايالىغا خىزمەتچى تۇتۇپ بېرىش.

- ئاياللارنىڭ قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن، ئوقۇش، ئۆگىنىش ئەركىنلىكى باردۇر.

- ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش، ئۆزى خالىغان بىرسى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش، ئەگەر بەختلىك بولالمىغان بولسا، خالىغان ۋاقىتتا ئاجرىشىش ھوقۇقى باردۇر.

- ئاياللارنى ئۇرماسلىق ۋە خورلىماسلىق.

- ئاياللار تۇغۇش ياكى تۇغماسلىقتا مۇتلەق ئەركىندۇر.

- ئاياللارنى پۇل تېپىشقا زورلىماسلىق.

ۋۇقۇرىقى ھوقۇقلار مىلادىيە 6 - ئەسىردە ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ياۋروپادا ۋە ئىسلام دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى باشقىمۇ ئەللەردە، تېخى 18 - ئەسىرگە قەدەر بىردەك ئېتىراپ قىلىنماي كەلگەندى.

ئاياللار قايسى تەبەقىدىن بولسا، ئۇلارغا شۇ سەۋىيەدە ماددىي ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىش ھەققى، ھازىرقى تەرەققىيات ئەسىرىدىمۇ بىلىنمەي كەلگەن بىر ھەقىقەتتۇر.

پەقەت، 1940 - يىللاردىن باشلاپ، دۇنياغا داڭلىق ئوكسفورد ۋە كېمبرىدج ئۇنىۋېرسىتېتلىرى 25 بىلەن 40 ياش ئارىسىدا ئوقۇغۇچىنى قىزلاردىن ئېلىش قارارىنى چىقارغان بولسا، ئىسلام دىنى 6 - ئەسىردىلا قىز - ئوغۇللارنىڭ تەلىم ئېلىشتا ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپلا قالماستىن، «ئوقۇش، ئۆگىنىش ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن پەرزدۇر» دەپ بەلگىلىگەن.

مىلادىيە 6 - ئەسىرنىڭ شارائىتىغا قارايدىغان بولساق، بۇنداق ئادىل ۋە ئېسىل قانۇنلارنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك ئاللانىڭ ئىلاھىي مەكتۇبىدىن باشقا مەكتەپ كۆرمىگەن، ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنمىگەن بىر كىشىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئاللاھدە تەلىم كۆرگەن ۋە بۇ ساھەدە پەۋقۇللاددە ئەتراپلىق يېتىشكەن بىردىن ئىنسانىمۇ لايىھەلەپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئاندا بۇ قانۇنلار نەدىن كەلدى؟ شۈبھىسىزكى، ئاللادىن كەلدى!

شۇنى ئېنىق چۈشىنىش كېرەككى، ئۆتمۈشتىكى ۋەقەلىكلەرنى ھازىرقى ۋاقىتقا قىياس قىلىپ چۈشەندۈرگەن بولساق، تارىخ پەلسەپىسىگە كۆرە چوڭ خاتالىقلارغا چۈشۈپ قالىمىز. شۇڭا ھەر قانداق ۋەقەلىك ۋە ھادىسىلەرنى شۇ زامانلارنىڭ شارائىتىغا قاراپ چۈشىنىش ئىلىم ئەھلىنىڭ مېتودىدۇر. خۇسۇسەن، تارىخنى يەكۈنلەشتە چوڭ ئاساستۇر. ھازىر ئاددىي سانالغان ئىشلار، ئۆتمۈشتىكىلەر ئۈچۈن چوڭ بىلىملەر ئىدى. چۈنكى، ھازىرقى تېلېۋىزىيە، سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇ، كومپيۇتېر، ئانتېننا، ئىنتېرنېت ۋە باشقىلار تېخى يۈز يىل بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىگە كۆرە مۇمكىن ئەمەس ئىشلار ئىدى. بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەيتتى.

ھازىر 6 - 7 ياشلىق بالىلار مىكروب ۋە باكتېرىيەلەرنى بىلىدۇ. ئامما پاستېر ۋە فارلېبىيلار ياشىغان زامانلاردا، مىكروب بىلەن باكتېرىيەنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئەتىقىق قىلىش ئىشىمۇ ئاللاھدە چوڭ بىلىم ئىدى.

مۇھەممەد يۈسۈپ.
سەئۇدىيە ئەرەبىستانى.

تەكلىماكان ئەپسانىسى ۋە «تەكلىماكان» ئاتالغۇسى ھەققىدە

ئابلاجان مەخمۇت

ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن «ئىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلىرى» دېگەن كىتاپقا «تەكلىماكان» توغرىلىق مۇنداق بىر ئەپسانە كىرگۈزۈلگەن: «(پەرھاد ئۇستىگى) بىر قانچە تارماق ئېقىنلار بىلەن قوشۇلۇپ ناھايىتى ئۇلۇق سۇ ھاسىل قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ چوڭ دەريا ئېقىنىنى بويلاپ چەكسىز كەتكەن ئورمانلار، چىمەنزار يايلاقلار، سۈپ - سۈزۈك كۆللەر بارلىققا كەپتۇ. كەتەك شەھىرى، ئاق شەھەر، توپا شەھەر، ئاۋات شەھىرى قاتارلىق ئۇلىغان شەھەرلەر بىنا بولۇپ، خەلقلىرى كۆپىيىپتۇ. كۆللەرنىڭ بىرىدە بىر ئوچى بوۋاي بۇ شەھەردىن چەت بىر باياۋانغا ئوغا چىقىپتۇ. قارىغىدەك بولسا، بىر دۆڭنىڭ يېنىدا بىر قانچە تۈلكە ياپ - يېشىل ئۆسكەن شاخلار ئۈستىدە بىر نەرسە يەۋاتقان ئىكەن، ئوچى تۈلكىنى ئېتىپتۇ، تۈلكىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئوچى ھەيران قاپتۇ: شاخلىرى مەجنۇنتالغا ئوخشاش بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن تىلسىملىق دەرەخنىڭ شاخلىرىدا مەرۋايىتدەك تىزىلىپ تۇرغان ۋۇمۇلاق نەرسىلەرگە كۆزى چۈشۈپتۇ. تۈلكە ئەينە شۇ نەرسىنى يەۋاتقان ئىكەن. ئوچى بوۋايمۇ «بۇ قانداق نەرسىدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭدىن بىر تال ئۈزۈپ ئاغزىغا سالغان ئىكەن، ھەسەلدىنمۇ تاتلىق تېتىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى خورجۇنغا لىق قاچىلاپ يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇرۇق ئەۋلادلىرى بىلەن تويغىچە يەپتۇ. 2 - يىلى بوۋاينىڭ ئۆيى ئەتراپىدا ئەشۇ خىل مەجنۇنتال ئۈنۈپ چىقىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ - تۆرت يىل ئۆتكەندە ئۇ مېۋە بېرىپتۇ. بوۋاينىڭ خاسىيىتى، ئەل - يۇرتقا تارىلىپتۇ. دەريا بويىدا ياشىغۇچى تۈمەنلىگەن كىشىلەر ئۆيلىرىنىڭ ئەتراپىغا باغ ياساپ، مۇشۇ خاسىيەتلىك كۆچەتنى ئۆستۈرۈپ، مىسلىسىز جەننەت قۇرۇپتۇ. يۇرت - جامائەت جەم بولۇپ، بۇ دەرەققە «تەك» دەپ نام بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ پايانسىز يۇرتلارنىڭ ئىسمى تەكلى ماكان يەنى تەكلىك ماكان دەپ ئاتىلىپ «تەك» (ئۈزۈم)نىڭ ئەسلى ماكانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالەمگە داڭقى يېيىلىپتۇ. بۇ جاينى كىشىلەر ھازىرمۇ «تەكلىماكان» دەپ ئاتايدىكەن.

ھەممىگە ئايانكى، ۋەتىنىمىزدە ياشىغان ئەجدادلىرىمىز مىلادىدىن خېلە بۇرۇنلا ئوچىلىق، چارۋىچىلىقتىن تەدرىجى ھالدا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنلىك كەسپىگە قاراپ يۈزلىنىشكە باشلىغان.

يازما مەنبە ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ئوتتۇرا ئاسىيە، جۈملىدىن يۇرتىمىزدا قەدىمدىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئەجدادلارنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن تارتىپ ئۈزۈمچىلىك بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، تارىم، ئىلى، قۇمۇل، تۇرپان ۋادىلىرىدا خېلە كەڭ ئۈزۈملۈكلەرنى بەرپا قىلغانلىقىنى، تەبىئەت بىلەن ھارماي - تالماي كۈرەش قىلىپ، شېرىن - شەربەتلىك مېۋە - چېۋە، يەل - يېمىشلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئوتتۇرا ئاسىيە ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى بېيىتىشقا ھەسسە قوشقانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.

جاڭ شىگلياڭ ئەپەندى تۈزۈپ ئىزاھلىغان «جۇڭگو - غەرب قاتناش تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»نىڭ 4 - قىسمى 37 - بېتىدە «ئۈزۈمنى جۇڭگوغا خەن ئەلچىلىرى ئېلىپ كەلگەن. يۇنانلىقلار بىلەن پەرغانىلىقلارمۇ غەربىي يۇرتتىن كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ كۆكەيتكەن. رىملىقلاردىن ئېخىمۇ غەربكە تارقىلىپ تاكى رېيىن دەرياسى ۋادىلىرىغىچە كېڭەيگەن» دەپ يېزىلغان.

«جىننامە، لوگۋاڭ تەزكىرىسى» بىلەن «گىياھلار تەپسىراتلىرى» دېگەن كىتاپنىڭ 18 - قىسىم «ئۈزۈم» تېمىسىدا خەن دەۋرىدىلا ئوردا بېغىدا قوچۇ ئۈزۈمىنى ئۆستۈرۈلۈپ مەيزاپ (مەي) چىقىرىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

ستېيىننىڭ «غەربىي يۇرتنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك خاتىرىسى» كىتاۋىدا: قېدىمىكى نىيە خارابىسى جەنۇبىي قىسمىنىڭ فوتو سۈرىتى تولۇق بېرىلگەن. بۇ سۈرەتنىڭ ئىي بولىقىدە ئەينى زاماندىكى ئۈزۈملۈك باغىنىڭ خارابىسى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. بۇ مۇندىن 2000 يىللار ئىلگىرىلا خارابىلىققا ئايلانغان ئۈزۈملۈك باغ بولۇپ، ھازىرغىچە تەكلىماكاندا ئېنىقلانغان بىردىن بىر ئەڭ قېدىمىكى ئۈزۈملۈك ھېساپلىنىدۇ.

1959 - يىلى قېدىمىكى نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان ۋۇڭ توقۇلمىلار، كىلەم، زىلچىلارغا ئادەم، ياۋايى ھايۋان ۋە ئۈزۈمزارلىقنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى پارقىن، ئوبرازلىق قىلىپ چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىكى قاكشالىق، ئورا كۆز بىر ئادەمنىڭ سېۋەت كۆتۈرۈپ ئۈزۈم ئۈزۈۋاتقانلىقىنى، ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا بىر قۇينىڭ تۇرغانلىقىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

1985 - يىلى دېكابىردا تۇرپان ئاستانە يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى قاراغۇجىدىن 2000 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە قېدىمىكى قەبرە تېپىلدى. قەبرە ئىچىدىن جەسەت ساندۇغىدىكى مېيىتنىڭ ئاستىغا سېلىنغان تەكلەر چىققان. ئۇ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا كۆرگەزمىگە تىزىلغان. تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان بىر پارچە كەشتىگە پۈتۈنلەي ئۈزۈم رەسمى كەشتىلەنگەن.

يۇقۇرىقىلاردىن «تەكلىماكان ئەپسانىسى»نىڭ مەلۇم ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

يەر ئاستىدىن تېپىلغان مىلادى 6 - ئەسىردىن 9 - 10 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ ھەر خىل يېزىقتىكى ۋەسىقىلەردە ئۈزۈملۈك باغنىڭ سېتىلغانلىقى، ئىجارىگە بېرىلگەنلىكى، ئەچچە تاغارلاپ كىشمىشنىڭ سېتىلغانلىقى، قەرزگە بېرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى سۆزلەر تىلغا ئېلىنغان. بۇ ۋاقىتتىكى قېدىمىكى ئۇيغۇر تىلىدا «بور» دېگەن سۆز «ئۈزۈم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. بۇ سۆز «لۇق» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن «بورلۇق»قا ئۆزگىرىپ «ئۈزۈملۈك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ سۆز فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ «بۈيلۇق»قا ئۆزگەرگەن. ئۇيغۇر تىلىدا «و»نىڭ «ۇ»غا «ر»نىڭ «ى» غا ئۆزگىرىشى ئەھۋالى مەۋجۇت. «بۈيلۇق» ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بىر جاينىڭ نامى بولۇپ، قېدىمدىن تارتىپلا ئۇ يەردىن ئۈزۈم كۆپ چىقىدۇ.

تۇرپان شېۋىسىدە ئۈزۈم سۆزى «تەك» دەپ، ئۈزۈملۈك «تەكلىك» دەپ ئاتىلىدۇ. تەكنىڭ مېۋىسى «ئۈزۈم» دېيىلىدۇ. شۇڭا «تەكلىماكان» دېگەن نام «تەك» بىلەن «ماكان»دىن تۈزۈلگەن، مەنىسى ئۈزۈملۈك يۇرت دېگەن بولىدۇ.

(«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدىن تەييارلىغان رەفقەت ئومەر.)

شېئرىيەت گۈلزارى

باھاۋىدىن رەھىمى (ئىدىقۇت)

ئاباي نامىدىكى خەلىق ئارا كونكۇرس غالىبى

مېنىڭمۇ بىر تويۇم بار

ھەق ـ ھەقىقەت ھەققۇلى بوپ، قايناپ كەلدىم ئاتمىشقا،
ئۇيغۇرستان ناخشىسى قىپ، ياڭراپ كەلدىم، ئاتمىشقا،
دەشتىيۇ ـ ھىجران چۆللىرىدە چاڭقاپ كەلدىم، ئاتمىشقا،
يۇرت دەردىدە كۆيۈپ ـ يېنىپ لاۋلاپ كەلدىم، ئاتمىشقا،
زارىغىپ ۋىسال تاڭلىرىغا، چارچاپ كەلدىم، ئاتمىشقا!

چوككەن تاغلار، سولغان باغلار قالدى داغ بوپ باغرىمدا،
قان ـ قىساسلار ئاھى قالدى ياڭراق ناخشا ـ سازىمدا.
سىرلىق ماناس بويلىرىدا ئاققان ياشلار ئەلەمدىن،
ماتەم تونىن ياپقان مەھەل سايرام، ئىلى، تارىمغا،
زەھەر چاشقان خائىنلىرىڭ ئانا يۇرتۇم پاھىڭغا...
شۇندىن ئاتمىش ژىل ئۆتسىمۇ، زارمەن باھار ـ يازىڭغا!

«ئۆز باھارىم ـ باھارلارنىڭ بولسۇن دەپ ـ تاڭ ناخشىدىن»
تۇققان مېنى، ئۇيغۇرستان باھارىنىڭ ھارپىسىدىن.
شۇڭلاشقا مەن...
تاۋاپ قىلغان گۈزەللىكنىڭ بارچىسىدىن،
تۇرغانلىقىم ـ ئالتى ئون ژىل باياۋاندا كوكۇرۇپ،
تۇرغانلىقى ـ ئۇيغۇرستان دۇئاسىنىڭ كوتۇرۇپ!
كارىزلاردىن سۇ ئىچمىسەم، بىسلمايدۇ كويۇگۇم.
ئۇلۇق مېنىڭ، ئاتمىشنچى باھارىمدىن ئۈمۈدۈم،
بۇلار ـ لېكىن، ئاتمىشىم، ھۆر ـ ئىستىقلالغا كورۇگۇم.
بۇلبۇل جور بولغانلار، ناخشىسىغا باھارنىڭ،
چاقىرىدۇ ھەممىڭلارنى ئاتمىشىنچى باھارىم:

ئاتمىش داۋان ئېشىپ كەلدىم، ئىنشائاللا، ئاتمىشقا،
خالىسانە قىياسلايمەن، ئاتمىشىمنى پاكلىققا.
ئۆمۈر بويى ئىسقىتىدا قىپ جور ـ ئىستىقلال ـ شاھلىققا،
يۇرت تالىمىن تالاشتىمەن، ئوكتە قوپۇپ تارلىققا.
يەتكەنلەردىن جىق، دەيدىكەن ـ يەتمىگەنلەر ئاتمىشقا،
سۇبھان ئاللا! ساق ـ سالامەت كەلدىم، ئارمان ـ ئاتمىشقا!

رەنجىتكىدەك گۇناھلىرىم ئۆتكەن بولسا، ئۇقۇشماي،
كەچۈرۈڭلار ئەھلى دوستلار، يات كوزىچە، ئۇرۇشماي.
قەدىردانلار ـ قەدىرىڭلەرگە كامىم بولسا يەتمىگەن،
دوستلار ئارا جازالاڭلار، قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشماي.
مۇبارەكباد ئەتسەڭلەر خوپ، ئەتمىسەڭلەر ئەركىڭلار،
بۈگۈن شەرتسىز ئورۇنلايمەن، بولسا قانۇق شەرتىڭلار!

ئىزىم قالدى چول ـ باياۋان تاغلىرىدا ئاتمىشنىڭ،
ئۇسسۇلۇغۇم قانماي يەتتىم باغلىرىغا ئاتمىشنىڭ.
ئاداشسامۇ، ئالدانسامۇ يوللىرىدىن ئاتمىشنىڭ،
خېتىم قالدى، ئىشىم قالدى بويلىرىدا ئاتمىشنىڭ،
ژۈرۈگۈمدە قارا ھىجران داغلىرى بار ئاتمىشنىڭ.
كۆلكىسىدە شائىرەمنىڭ ـ شاتلىقى بار ئاتمىشنىڭ!

كۆرگىنىمدىن، كۆرمىگىنىم كوپتۇر تېخى، بەلكىمبا،
ئۇيغۇرۇمغا تەگلىك تەگمەي، تەگشەلمەيدۇ بۇ دۇنيا.
ياشلىرىمدىن ھاسىل بولسا، ئاسيادا قان دەريا،
ئۇيغۇرستان دۇشمەنلىرىن ئۇنجۇقتۇرار بۇ دەريا.
خائىن تاغلار قامالىدا، قاناتلىرى قايرىلغان،
ئۇيغۇرانە بۇلبۇلۇڭمەن باھارىدىن ئايرىلغان!

ئەرشى ئەلادا پەرىشتىلەر بۇشۇگۇمنى تەۋەتكەن،
«ھەقنى ئېيت!» دەپ، تەگرىم مېنى شائىر قىلىپ ئەۋەتكەن.
ئىرادىسى ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى تەڭ تەۋرەتكەن،
ئۇلۇق تەگرىم شائىرلارغا ۋەتەن دەردىن يار ئەتكەن.
خۇداسىزلار ـ شائىرلارغا كەڭ جاھاننى تار ئەتكەن.
خۇداسىزلار ـ دانالارنى نادانلارغا خار ئەتكەن!

قىينالسامۇ، ھال ـ دەرت ئېيتىپ نالىمايمەن نامەرتكە،
تاۋلاندىممەن ئىرادەمنى تاۋلاپ سەۋىر ـ تاقەتكە.

تىكسەممۇ ئار ـ نومۇسۇمنى بايراق قىپ باش پەللەمگە،
ئازاپلايدۇ ئۆتمىگىنى ـ ئوز تويۇم ئوز مەلەمدە.
ئارىم تازا، يۈزۈم يورۇق كەلدىم پارلاق ـ ئاتمىشقا،
ھەمدۇ ـ سانا، تازىم بىلەن مەدھىيەم خاس يازمىشقا!

ئەسلى يارىم ـ ئۆي ـ خىيالىم ئەل ـ ۋەتەندە كۈن ـ تۈنى،
ئاھلىرىمدىن ئاھ ئۇرۇدۇ ئەھلى جاھان بۇلبۇلى.
چېلىنسىمۇ ئاتمىشىنچى باھارىمنىڭ توي كۈيى،
ئاتمىش ژىلدا ئېچىلمىدى ئون گۈلۈمنىڭ بىر گۈلى.
شۇنداقتىمۇ، غالىپلاردىن غالىپ مېنىڭ ئۈمۈدۈم،
مەن ـ مەنسىگەن ژۈرەكلەردىن ـ كۈچلۈك مېنىڭ ژۈرۈگۈم.

كەشپىياتلار ساھىپكارى ـ ئەسلى دانا توخسۇنلۇق،
ئامان بولسا ئانا يۇرتۇم، دارىمايدۇ يوقسۇزلۇق.
كارىزلىرىم ئاتا قىلغان پاكىيانە ئۇيغۇرلۇق،
تاۋلانغاچقا يالقۇنتاغدا شائىر مەن ئەڭ يالقۇنلۇق.
ئالتاي، تەڭرىتاغلىرىدا كامال تاپقاچ ئالتۇنلۇق،
ئىجادىتىمۇ يارىشىدۇ، ماڭا پەقەت باتۇرلۇق!

ئاتمىش باھار، ئاتمىش يازنى سازلاپ كەلدىم، ئاتمىشقا،
ئاتمىش كۈزنى، ئاتمىش قىشنى ئاقلاپ كەلدىم ئاتمىشقا.
قوش ئوتەلمەس چېگارىنى ئاتلاپ كەلدىم ئاتمىشقا،
يات قاپلىغان شەھىرىمنى تاشلاپ كەلدىم ئاتمىشقا.
قان ھىجراندىن كۆزلىرىمنى ياشلاپ كەلدىم ئاتمىشقا،
ئىمانىمنىڭ تاھارىتىن ساقلاپ كەلدىم ئاتمىشقا!

جوش ئۇرۇدۇ ۋۇجۇدۇمنى ئوز ـ ئوزەمگە ئىشەنچىم،
شېئرىيەت ئاسمىنىدا ئايغا يارمەن، ئىشەنسەڭ،
شاتلىقىڭنىڭ ناۋاسىمەن، ژۈرۈگۈمنى چۈشەنسەڭ.
ئوز ـ ئوزەمگە ئىشەنگەچكە، شائىر بولغان ئېكەنمەن.
مەنسەپداردىن ئاۋال خەلقىم ئىجادىكارىنى، ھۆرمەتلە،
شائىرلارغا بىپەرۋالىق ـ چۈشكەن بىزگە قىممەتكە!

شاتلاندۇرغان، مۇڭلاندۇرغان ئاتمىش يېشىم، مۇبارەك،
مېنى چوڭقۇر ئويلاندۇرغان ئاپپاق چېچىم، مۇبارەك.
ئاتمىشىمنى ـ ئاتمىش قېتىم ئەيلىسەم مۇبارەك،
كەمتەرلىگىم كىمگە كېرەك، راس ـ يالغىنى غوۋادەك.
يېيىپ قويۇپ بار دۇنيامنى بازارىغا ئاتمىشنىڭ،
ھېساپ بېرىپ تۇرغاندەكمەن، قازىسىغا ئاتمىشنىڭ!

ئېغىرىمنى ئارتىپ كەلدىم ئاتمىشقا ئەل ـ يۇرتۇمنىڭ.
ناخشىسىنى ئېيتىپ كەلدىم ئاتمىشقا دەرت ـ مۇڭۇمنىڭ.
چىقالمىدىم تېخى ئورلۇق چوققىسىغا ئويۇمنىڭ،
لېكىن شەكسىز ئىشەن خەلقىم. يېڭىشىغا ئوغلۇڭنىڭ.
ئەيۋىمدىن ئەمەس مېنىڭ، بولمىغىنى يولۇمنىڭ،
كاۋ پەلەكنىڭ گەردىشىدىن، كېچىككىنى تويۇمنىڭ!

مۇكاپاتتىن ئەلا ماڭا تەبرىكلىرى مەرتلەرنىڭ،
قۇرلىرىدا ئەسلەتسەم بەس، خالىسانە خەتلەرنىڭ.
قازىنىدا قاينىغىنىم قاينام ـ قاينام دەرتلەرنىڭ،
ھوددىسىدىن چىققانلىغىم ئەڭ ئۇلۇغۋار شەرتلەرنىڭ.
ئارزۇلىرى مەنزىلگاھىم تۇرغۇن، ئوتكۇرلەرنىڭ،
ئۇيغۇرلىغى ـ ئىپتىھارىم قەيسەر ئالماسبەگلەرنىڭ!

تەشۋىشىم كوپ بۇ پانىغا، كىملەر كېلىپ ـ كەتمىگەن؟
يامانلاردىن، ياخشىلار كوپ، مۇرادىغا يەتمىگەن.
مىسرالارغا ژۈرەكلەرنىڭ گەپلىرىنى خەتلىگەن،
شائىرلارغا قايسى نامەرت قۇرال ـ ياراق بەتلىگەن؟!
شائىرلارنى قوغدا خەلقىم، زاتى پەسلەر قەستىدىن،
ئويلان خەلقىم، قان ـ ياشلىرىڭ ئاققان شۇلار دەستىدىن!

مۇشكۇللىرىن يېڭىپ تالاي ھاياتىمنىڭ داۋانلىق،
يامانلارغا يامانلىق قىپ، ياندۇرمىدىم يامانلىق.
دەرتمەنلەرنىڭ مۇڭ ـ زارىغا مۇڭداش بولدۇم داۋاملىق،
بەلكىم، شۇڭا ئاتمىش ياشقا يەتكۈزگەندۇ، خۇدايىم،
ئاتمىش ژىلدا گۈللىگەندەك مۇھەببىتىم باشقىدىن،
ئاتمىش ياش جوپ قايتتى گويا، ئوتۇپ كەتكەن ياشلىغىم!

ئەكرەم سادىروۋ

جۇلمەرىگەن مۇھەببەت
(باللادا)

يولۇڭ چۈشۈپ بىرىپ قالساڭ شەھەرگە،
بازار قايناق، بازار قايناق ھەر يەردە.
پەقەت توختۇ سۈتىنىڭلا باشقىسى،
تېپىلىدۇ ئىزدەپ قالساڭ ئەگەردە.

ئەينە شۇنداق كوچىلاردا تەمتىلەپ،
موماي كېلەر نەۋرىسىنى يېتىلەپ.
تونۇپ قالدى چەتتە تۇرغان بىر بوۋاي،
ـ خۇشنەم! ـ دېدى ـ
ژۈرەك ئويناپ دۈپۈلدەپ

ـ مۇسرەت! ـ دېدى موماي ئاڭا ئېسىلدى،
ھەسرەت بىلەن قوچاغلىشىپ كورۈشتى.
ئونتىغاندى ھەر ئىككىسى ھەممىنى،
ئاشىقلار دىل چوكۇلدۇشۇپ سويۈشتى.

خۇددى شۇ چاغ چاقماق چېقىپ ئۆتكەندەك،
تەگسىز قىسمەت شۇ ۋاقەنى كۆتكەندەك.
ياشلىغىنى بىر دىقىقە ئەسلەشتى،
تۇرغان يېرى ئارام بەخش گۈلشەندەك.

رېئىس ئېيدى قىز دادىسى شۇ پەيتتە،
ياقتۇرماتتى شۇڭا ئىشچى مۇسرەتنى.
چەكلەپ ژۈرۈپ كورۈشتۈرمەي خۇشنەمنى،
ژۇمران دىلغا سالغان ئېيدى ھەسرەتنى.

بىر كېچىدىلا يوقالغاندى ئۇ «قېچىپ»،
مەشۇغىنى زار ـ زار قىلىپ ژىغلىتىپ.
ئادرېسىنى بىلەلمەستىن نەچچە ژىل،
ئۆتكەن ئېيدى قىز ژىغىدا تېلىقىپ.

مانا كەلدى موماي ـ بوۋاي ھوشىغا،
ئاجراشتى بىر ـ بىرىدىن بەك زورغا.
مۇھەببەتنىڭ قالغان ئىكەن ئوچقۇنى،
ئايلانغاندەك بولۇپ قالدى يالقۇنغا.

خۇشنەم موماي سوراپ قالدى بىر چاغدا،
ـ نەگە كەتتىڭ؟
ـ كەتكەن ئېدىم تىنىڭ دالاغا.
ـ ئەشۇ رېئىس داداڭدىن،
قوققان ئېدىم قويارمۇ دەپ بالاغا.

ـ بىلەر ئېدىم يوق ئەزەلدىن جۇرئىتىڭ،
ئۇزۇڭ بىلەن يوقالغان ھەم ھىممىتىڭ.
بىراق سويگۇ ئارام بەرمەي قەلبىمدە،
ياشاپ كېلەر، ئېشىپ يەنە قىممىتىڭ.

موماي كەتتى نەۋرىسىنى يېتىلەپ،
بارار ئېدى ئىككى مورە تىترەپ.
يېشى چۈشەر ساقىلىغا بوۋاينىڭ،
ئاھ، قالغاچقا مۇھەببەت جۇلمەرەپ.

بەزىلەر

ئوچى مەن! ـ دەپ ماختىنار،
توتالمايدۇ چىۋىننى.
«پالۋانلىغى» دام قىلار،
يوتكەلمەستىن چىننى.

ئالجىپتۇ دىمە

كوزلىرىڭ قەلبىمنى تارتىدۇ جىنىم،
سېخىرلىق كۈچلىرىڭ بارمىدۇ سېنىڭ.
قېرىغان شائىرنى ئالجىپتۇ دىمە،
سېنىلا ياختۇرار ژۈرۈگىم مېنىڭ.

توي مۇبارەك

بۈگۈن ياركەنت شەھرىدە،
چوڭ خۇشاللىق توي بوپتۇ.
ژىراق، يېقىن جايلاردىن،
ئەل، ئاغىنە ـ دوست كەپتۇ.

ئىپەك يولى شانلىق يول،
دەيدۇ ئۇنى بىلگەنلەر.
ياخشىلىقنى كوڭلىگە،
پۈكۈپ سەندىن ئۆتكەنلەر.

ياركەنت شەھرىم بەك قىسقا،
تارىخىڭ بار بىراقتا.
چوڭ شەھەردەك قىپكەتكەن،
ئىشلىرىڭ بار تارىختا.

شۇڭا سېنىڭ ھۆر داڭقىڭ،
كەتكەن تاراپ ژىراققا.
ئۇرۇش ـ تىنچ ئەمگەكتە،
غالىپ شانلار قوچقاشقا.

ياركەنت شەھرىم مۇبارەك،
قۇتلۇق بولسۇن تويىڭىز.
سىزگە سالام خەت يازدى،
تارازدىكى ئوغلىڭىز!

كۈللەن ياركەنت شەھرىم،
پارلاق ھايات ئالدىڭدا.
راھەتنى ئەمگەكنىڭ،
كورگەن ھەركىم ئالدىڭدا!

ۋەتەن مۇھەببىتى

ۋەتەن سەنسىز كۈنۈمنى،
تاڭ ئاتمىغان تۈن دەيمەن.
قانىتى يوق بىچارە،
ئۇچالمىغان قوش دەيمەن.

ۋەتەن سېنى ئويلىماي،
ئۆتكەن كۈنۈم يوق مېنىڭ.
سەندەك بۈيۈك باش پانام،
بۇ دۇنيادا يوق مېنىڭ.

ۋەتەن شان شوھرىتىم،
سەندىن بەختىم ھۆر ئېكەن.
سەنسىز ئۆتكەن كۈن بولسا،
باھارى يوق قىش ئېكەن.

ۋەتەن ئادەم زاتى ئۈچۈن،
جەننەت كەبى جاي ئېكەن.
شۇ جەننەتتە ياشىساڭ،
ئارمان ئىشىڭ ھەل ئېكەن.

ياشىماقنىڭ ھۆر ئازات،
ئاچقۇچى ۋەتەن ئېكەن.
ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەشكەن،
ئىمانلىق ئىنسان ئېكەن.

ۋەتەن، خەلقىن ئويلىماي،
ژۈرگەنلەرمۇ يوق ئەمەس.
ئۇنداقلارنىڭ ھاياتى،
ئادەملىككە خاس ئەمەس.

ئەخمەتجان رەخىموۋ



نالە قىلماقتا

كۇچادا جۇڭگو گۈزەل سەنئەت جەمئىيىتى تەشكىللىگەن ئىپەك يولىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىكىلەر بىز - خەنزۇ ئۆلكىسى قەرەللىك ژۇرناللارنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەرنىمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە قىزىلدىكى كۈسەن دۆلىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سەنئىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

- بىزدە سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ئىككى مىڭ ئۆي بار: بىرى، جۇڭگودىكى ئەڭ قېدىمىي سىم - سىم مىڭ ئۆيى، يەنە بىرى، تاڭ راھىبى شۈەنزاڭ ساياھەت قىلىپ ئۆتكەن قۇمتۇر مىڭ ئۆيى، - دېدى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى.

مىڭ ئۆي، بىرسى ئەڭ قېدىمىي، بىرى مەشھۇر. ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى بۇ ئىككى ئۆمەكتىكىلەر تەشۋىقات بۆلۈمى باشلىقىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقتىن سەكرىشىپ كەتتۇق.

كۇچا مەدەنىيىتى پەقەت قېدىمىي كۈسەن ناخشا - ئۇسسۇلىنىڭ مەشھۇرلۇقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى بۇ يەردە مەدەنىيەتنىڭ ناھايىتى ئىلگىرىلا بۇ يەردە پورەكلەپ ئېچىلغانلىقى بىلەنمۇ داڭلىق ئىدى.

كۇچا ئەسلىدە ئۇيغۇرلار دىياردىكى كۈسەن دۆلىتى ئىدى. كۈسەن دۆلىتىنىڭ پادىشاھى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ مىڭدى دەۋرىدە بۇددا دىنى ھازىرقى ش ئۇ ئار غا تارالغان. كۈسەن دۆلىتى ئاۋال نۇرغۇن ھەشەمەتلىك ساگرام مىڭ ئۆيلەرنى ياسىغاندى. مىلادى 7 - ئەسىرگە كەلگەندە كۈسەندىكى ساگراملار 100 دىن، راھىب - بىكسۇنلار 5 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن.

ماشىنا قاقاس چۆللۈكتە چايقىلىپ ژۇرۇپ، 2 سائەت ماڭغاندىن كېيىنلا ئاندىن 48 كىلومېتىرلىق ئۆتكۈل - دوڭغۇل تاغ يولىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئېقىن بويىدىكى سىم - سىم مىڭ ئۆيى كۆز ئالدىمىزدا زاھىر بولدى.

نامدا مىڭ ئۆي دېيىلگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئاران 52 لا كېمىر قاپتۇ. ئەترابىقا سەپسىلىپ قارىسام، 9 كېمىر شالاڭ ئۆسكەن ياۋا كىياھ ۋە يۇلغۇنلارنىڭ ئارىسىدا يوقىلىش گىرداۋىدا مۆكۈنۈپ يېتىپتۇ.

بۇ كېمىرلەر مىلادى 2 - ئەسىردىن 4 - ئەسىرگىچە - جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە قېزىلغان. ئۇلاردىكى رەڭلىك تام رەسىملىرى قالدۇقلىرى، رەسىملەرنىڭ قۇرۇلمىلىرى ئىپتىدائىي شەكىلدە بولۇپ، سىزىقلىرى شوخ، پېرسوناژلىرى ئەركىن ئىدى. رەسىملەردىكى يالىڭاچ ئاياللار بىلەن قۇياش ئىلاھى، ھەر خىل بۇددا بېزەكلىرى، يارالمىش قىسسىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمىي مەدەنىيىتى بىلەن كۈسەن مەدەنىيىتىنىڭ ئارىلاشمىسى ئىكەنلىكىنى كورۇنۇپلا تۇراتتى.

ھايىت - ھۇيت دېگۈچە 6 كېمىرنى ئايلىنىپ بويتۇق. بىراق مۇكەممەل ساقلانغان تام رەسىملىرىدىن بىرسىمۇ ئۇچرىمىدى. خىيال بىلەن بېشىمنى كوتۇرۇپ قارىسام، ئېگىز ھەم يوغان بىر تاشقا ئېگىزلىكى تەخمىنەن بەش جاڭ، كەڭلىكى تەخمىنەن ئىككى جاڭ كېلىدىغان بىر تاش تەكچە ئويۇلغان بولۇپ، ئىچى قۇيقۇرۇق، ھەممىلا يېرىدىن چېپىلغان زەخمە ئىزلىرى چىقىپ تۇرۇپتۇ.

شۇ يەرلىك كىشىلەردىن سورىۋىدىم، ئۇلار:

- گېرمانىيەلىك لىكوكلارنىڭ ئىشى بولماملۇ، - دېدى كەيپى ئۇچقان ھالدا.

تونۇگۇنكى خۇشاللىقىم غايىپ بولغاندى. ئەتىسى مەملىكەت بويىچە 1 - تۈركۈمدىكى نوقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى - قۇمتۇر مىڭ ئۆيىگە بارماقچىدۇق. بەلكى ئۇ يەردىكى ئەھۋال كىشىنى خۇشال قىلىدىغۇ ھەقچان، دەپ ئويلىدىم.

بۇددا دىنى غەربىي يۇرتقا تارالغاندا، كۈسەن دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئوكەن دەريا ۋادىلىرىغا ساگراملارنى سالدۇرۇپ، مىڭ ئويلەرنى قازدۇرغاندى. بايىدىكى قىزىل مىڭ ئويىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئاپىرىدە قىلىنغاندى.

شۈەنزاڭنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» دە، كۈسەندە بىر خارابە شەھەر بارلىغى تىلغا ئېلىنىپ: «خارابە شەھەرنىڭ شىمالىدىن 40 نەچچە چاقىرىم نېرىدا بىر دەريا بار. دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدە ساماكاراملار بار بولۇپ، نامى جاۋخۇسى، شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. بۇتلار كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇ - زىننەتلەر بىلەن جابدۇنغان بولۇپ، بۇنى ئادەملەرنىڭ قىلغىنىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان. بەزى ئالىملار شۈەنزاڭ تىلغا ئالغان جاۋخۇسى ساگرامى قۇمتۇر مىڭ ئويى شۇدۇر، دەپ قارايدۇ. «لياڭ دەۋرىدىكى راھىب - كالانلار تەزكىرىسى. كۇماراجىۋانىڭ تەرجىمەھالى»دىكى چول ساگرامى بىلەن «دەريا تەپسىراتى ئىزاھلىرى »دىكى چول ساگرامى تاشكېمىر ساگراملىرىنى كورسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىرخىل نامنىڭ ھەرخىل شەكىلدە تەرجىمە قىلىنىشىدۇر.

قۇمتۇر خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچىدا ئوخشاشلا «قۇملۇقتىكى تۇر» دېگەنلىك بولىدۇ. بىز پاراڭ بىلەن ئوكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىنى بويلاپ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان تار ھەم ئۇزۇن جىلغىدىكى تاشكېمىرلەرگە كېلىپ قالغاندۇق. بۇ يەردە نە شۈەنزاڭ تەسۋىرلىگەن دەريانىڭ ئىككى قاسنىغىدىكى ساماكاراملار، نە قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۇر دېگەنلەر كوزگە چېلىقماتتى.

بۈگۈنكى كۈندە دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىدا ساقلىنىپ قالغان تاشكېمىرلەردىن ئاران 58 لا قاپتۇ. نومۇر سېلىنغان 110 تاشكېمىرنىڭ يېرىمى قالماپتۇ.

يىمىرىلىپ چۈشكەن كېمىرلەرنىڭ تاملىرى ئوكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي، غەربىي قىرغاقلىرىدا ھە دېسىلا كوزگە تاشلىنىپ تۇرىدىكەن. ئۇلار قاقاسلىشىپ ئەسلى ھالىتىنى يوقىتىپتۇ. سۇ ئېلېكتر ستانسىيەسىنىڭ چوڭ توسمىسىدىكى دەريا سۈيى تو-

سۇۋالمىغاندا ئىدى، زەڭگەر مەيىن دولقۇنلارنىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرغىنىنى كورگىلى بولار ئىدى. سىز ھازىر بۇ يەرنىڭ ئىلگىرى راھىبلار كوپ، ساگراملار گۈللەپ ياشنىغان كۈسەن مەدەنىيىتىنىڭ مۇقەددەس ماكانى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيلا قالىسىز.

جىلغا گاھ كېڭىيىپ، گاھ تارىيىپ باراتتى. جىلغىنىڭ ئەڭ تار بىر بولىكىدىكى تىك ياردا پەقەت بىرلا يول قاپتۇ. يولنىڭ كەڭرەك يېرىگە چىققاندىن كېيىن كوڭلىمىز خېلىلا كوتۇرۇلۇپ قالدى. بىر قىسىم كېمىرلەر جىلغىنىڭ ئېغىزىغا، يەنە بىر قىسىم كېمىرلەر جىلغىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇلار تاڭ سۇلالىسى گۈللىنىشتىن بۇرۇن قېزىلغانىكەن.

ئوكەن دەرياسىنىڭ بۇ بولىكى قۇرۇپ، دەريا ئورنىمۇ تۇۋەنلەپ كېتىپتۇ. سۇ ئېلېكتر ستانسىيەسىنىڭ چوڭ توسمىسى دەريانى قاپ بېلىدىن بوغۇۋالغاچقا، سۇ ئورنى بارغانسېرى ژۇقۇرى كوتۇرۇلۇپ، دەريا سۈيى ئىككى قىرغاققا سىڭىپ، جىلغا ئېغىزىدىكى 1 - نومۇرلۇقىچە بولغان، مىڭ ئويلەرنى زەيدىتىۋەتكەنلىكتىن، مىڭ ئويلەرنىڭ تاملىرىنى بىر قەۋەت شور قاپلاپ كېتىپتۇ. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە باشقىلارنىڭ قارشىلىق كورسىتىشى بىلەن سۇ ئېلېكتر ستانسىيەسى 4مىللىون800 مىڭ يۇەن سەرىپ قىلىپ، مىڭ ئويلەرنىڭ سىرتىغا كەلكۈندىن مۇداپىيە كورۈش توسمىسىنى ياساتقان ھەم 1 - دىن 11 - نومۇرلۇقىچە بولغان مىڭ ئويلەرنى توسما ئىچىگە ئېلىپ قوغدىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئەمەلىيەتتە تەپسىلىي كوزەتسىڭىزلا بۇ تەدبىرنىڭمۇ تازا ئۈنۈملۈك ئەمەسلىكىنى سېزىۋالالايسىز. گەرچە ھەر كۈنى سۇ چىقىرىش ماشىنىسىدىن دائىما ئىچىدىكى سۈنى چىقىرىپ تۇرىسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ئويلەر دەريا سۈيىنىڭ تەسىرىدىن زەيلىشىپ، مۇخلار بىخ سۈرۈپ، ياۋا ئوت - چوپلەر ئوسۇپ كېتىپتۇ. ئاشۇ ساپ تام رەسىملىرىنىڭ رەڭگى قارىيىپ، بىر قىسىملىرى سويۇلۇپ چۈشۈپ كېتىپتۇ.

دۇنخۇاڭدىكى مىڭ ئويلەرنىڭ كوپ قىسمى تاق ھۇجرىلىق بولۇپ، پۇتكۇل تەكچىلەردە بۇتلار بار تورت تېمىدىن تارتىپ تو-

رۇسلىرىغىچە رەڭلىك رەسىملەر سىزىلغان. قۇمتۇر ۋە سىم - سىم مىڭ ئويلىرى بولسا، گۇمبەز شەكىللىك بولۇپ، ئىچكىرى - تاشقىرى ئىككى ھۇجرىلىق ئىكەن. پۇتكۇل تاملارغا بۇت تەكچىلىرى ياسالغان. بۇت تەكچىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئىچكىرى ھۇجرىلارغا كىرگىلى بولىدىكەن. تاشقىرىقى ھۇجرىغا ئىشىكتىن نۇر چۈشۈپ، ئازتولا يورۇسىمۇ، لېكىن ئارقا ھۇجرا قاپقاراڭغۇ تۇرىدىكەن.

بىزگە يول باشلاپ بېرىۋاتقان مۇھەممەت مۇسا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ مەخسۇس خادىمى ئىكەن. ئۇ، بېشىمىزنى كوتۇرۇپ تورۇسقا قارىشىمىزنى ئېيتتى. تورۇستىكى نۇرغۇن رومبا شەكىللىك رەسىملەر كورۇپپىسى بىر مۇكەممەل رەسىملەر كورۇپپىسىنى شەكىللەندۈرگەنىكەن. ھەر بىر رومبا ئىچىدە بىر پارچىدىن رەسىم بار بولۇپ، مايتىرىنىڭ ئالۋاستىنى ئۇتۇشى ۋە ساكيامۇنىنىڭ ساخاۋەتلىك ئىشلىرى ھېكايە قىلىنغان. بۇنىڭدا رومبا ئىچىدىكى يارالمىش قىسسىلىرىنىڭ ئەڭ نەپىس ۋەقەلىكىنى ئۇتتۇپ تۇرۇپ پۇتۇن بىر ۋەقەلىك سىزىپ چىقىلغان. دۇنخۇاڭدىكى تام رەسىملىرىدە بولسا، بىر يارالمىش قىسسە ئوخشىمايدىغان بىر نەچچە كورۇنۇشلەرگە بولۇنۇپ، بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ تەسۋىرلەنگەن.

- كۈسەن ئۇسلۇبى قالتىسكەن!

بىز ئوزىمىزنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا شۇنداق دەپ ماختاپ كېتىشتۇق.

ئوكەن دەرياسى خۇددى قۇرۇپ ئولگەن لاييېبەك(لايدا ياشايدىغان بىر خىل جانىۋار)دەك ئەگرى - بۈگرى جىلغا ئىچىگە قاراپ سوزۇلۇپ ياتاتتى. بىز چاك - چاك يېرىلىپ كەتكەن دەريا قىنىنى بويلاپ، ئاللاھەزەل بىر كىلومېتىردىن ئارتۇغىراق ماڭغاندىن كېيىن يول باشلىغۇچى بىزنى بىر تۇپىلىككە باشلاپ چىقتى. بۇ «46 - كېمىر» بولۇپ، قاغجىراپ كەتكەن تاملىرىدا خەت بار ئىكەن.

بۇ بىر تام رەسىملىرى ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان كېمىر ئىكەن. تاشقىرىقى ھوجرىسىنىڭ گۇمبەز شەكىللىك تورۇسىدا قۇياش، ئاي ئىلاھى ۋە تورت تېمىنىڭ ھەممىسىدە يارالمىش قىسسىلىرى بار ئىكەن. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن پىكىرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، سىزىقلارنىڭ شوخلۇغى ۋە رەڭلەرنىڭ نەپىسلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىكەن. بۇ، شىمالىي ۋېي دەۋرىگە مەنسۇپ يەنە بىر ئوزگىچە كۈسەن ئۇسلۇبى ئىكەن.

كېمىردىن چىقىپ شېغىللىق تۇپىلىكنى بويلاپ پەسكە قاراپ ماڭدۇق. ئايغىمىزدىكى شېخىللار توختىماي شاراقلاتتى. بۇ چاغدا مەن خۇددى توگىلەرنىڭ كولدۇرما ئاۋازىنى، قېدىمكى بۇتخانىلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان نامازشامدىكى دۇمباق ئاۋازىنى، خۇلار (قېدىمكى زاماندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي ۋە شىمالىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ) نىڭ قىلىچ ئاۋازىنى، ئۇستىلارنىڭ تاغنى تېشىۋاتقان چاغدىكى ئۇسكۈنىلىرىنىڭ توكۇلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. يەنە بەدەنلىرىدىن شور ئورلەپ كەتكەن ئارزۇلۇق ئادەم سۈرەتلىرىنىڭ ئالىشنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. بەدەنلىرىنى جاراھەت ئىزى قاپلاپ كەتكەن مەبۇدلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى:

- بىزنى قۇتقۇزۇڭلار! - دەپ ھارغىن ئاۋازدا توۋلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

جاۋ خەيجۇ.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنالىدىن ئېلىندى.

«يېڭى ھايات» تەھرىراتى گېزىتنىڭ سابىق خادىمى، كورنەكلىك شائىر مەھەممەتىمىن ئوبۇلقاسىموۋقا ئانىسى خەيرىنىساخانىنىڭ ۋاپات بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭقۇر قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

تېپىشماقلار

كۆك بوخچىدا كۆپ گۈرۈچ،
تۇرار ئاپپاق پارقىراپ،
تاڭ يورۇشى بىلەنلا،
غايىپ بولار ئالدىراپ.
([illegible])

ئاپپاق سىلىق بەدىنى،
رەڭدار ھوسنى جامالى،
بېشىدا ئاق قالپىقى،
دۈمبىسىدە ساپىقى،
قويساڭ ئەگەر قايناق چاي،
ساقلاپ بېرەر سوۋۇتماي.
([illegible])

تېشى سىرلاقلىق،
ئىچى مىخلاقلىق.
([illegible])

كەل دېسە كەلمەيدۇ،
كەلمە دېسە كېلىدۇ.
([illegible])

ئىككى ئوستەڭگە سۇ كەلدى،
بەش ئادەم ئۈزۈپ چىقتى،
ئىككىسى قاشلاپ تۇردى،
ئۈچى قاراپ تۇردى.
([illegible])

تۇۋى كىچىك ئۈزى بالا،
كۆڭلى - كۆكسى تۇق بالا،
مولدۇرلىتىپ كۆزىنى،
قىلالمايدۇ سۆزىنى،
تەققى - تۇرقى سۈيۈملۈك،
سېتىۋالساق بىز ئۇنى.
([illegible])

قەۋەت - قەۋەت بەك ھەيۋەت،
ھەر قەۋىتى لىق شەربەت.
([illegible])

تېنى يوق، كۆزى يوق،
ئەڭ كۆكتىدۇر، ئەڭ يامان،
تۇرۇۋىغا قىيالمىماي،
تۇتساڭ سېنى ئولتۇرار.
([illegible])

ئاغزىدا يۈزلەپ چىشى،
بىرنى ئىككى قىلماق ئىشى.
([illegible])

تۇزى مۆجىتەك،
قۇيرۇقى توغۇچتەك.
([illegible])

قۇلىقى قوپۇۋىدىدا،
ئۈچىسى تېشىدا،
ئۆزۈپ قويسا يايرايدۇ،
دوست قولىدا يايرايدۇ.
([illegible])

چىرايلىق بىر گۈل ئىكەن،
باغدىن ئونۇپ چىقمايدۇ،
ئىچىملىدۇ ھەر قاچان،
ھەممە ئۇنى ماختايدۇ.
([illegible])

لايدىن ياسىلىپ ئوتتا پىشۇرۇلەكەن،
قىزىل، سېرىق، كۆكۈچ چىقاركەن.
ئۇنىڭ بىلەن كۆشكىلەر سالار ئىمارەت،
ئۇ زادى نېمە؟ كىم ئەسكە ئالار؟
([illegible])

ئاق كىگىز، ئاپپاق كىگىز،
لەيلەپ ئۈزەر پەلەكتە.
پۇت - قولى يوق، جېنى يوق،
بەزەن ئۇخلار چەلەكتە.
([illegible])

قارا - قارا باشلىرى،
قاشلىرى كۆزى، قاشلىرى،
ئەگەر قايناقا سۇ كەسەك،
ئوتتىن بولۇر چاچلىرى.
([illegible])

شۇندىق يوغان مۆشتەك بار،
تاماكىسى تاش قارا،
ساپ ھاۋانى سومۇرار،
چىققان ئىسى بەك تولا،
قىشتا باردۇر ھەر ئۆيدە.
([illegible])

«Йени хаят» (Новая жизнь) индекс 65359, республиканская общественно-политическая газета, регистрационное свидетельство №603 -- Г. Выдано Министерством культуры, информации и общественного согласия Республики Казахстан 17 марта 1999 г.

تېلېفون: 73 - 84 - 59

گېزىتنى ئەسىس قىلغۇچى - جاۋاپكەرلىگى چەكلەنگەن «ۋسال» شىركىتى.
تىراژى 1700 زاكاز 9698

ئالمۇتا، 480044
ئىپەك يولى كوچىسى
50 بىنا، 8 - قەۋەت، 813 - خانە

يېڭى ھايات

باش مۇھەررىر
ي. ئازاماتوۋ.

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدە بېسىلغان ماقالىلار مۇئەللىپلىرىنىڭ مەۋقەسى تەھرىراتىمىزنىڭ مەۋقەسى بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. تەھرىراتتىن ماتېرىياللار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.

Отпечатано в ЗАО «Дәуiр».
480044, г. Алматы. ул.Жибек жолы, 50.

M 1 2 3 4 5 6 7 8 9 10 П 1 2 3 4 5 6 7 8 9 10